

★ئۇ زادى كىمنىڭ ئېرى؟
★شىنجاڭدا باندىت تازىلاش
ستۇدېنت قىزنىڭ يولدىن چىقىشى
ئامانلىق
1999
11
CN65 - 1009/D - W
ISSN 1009-1844
9 771008 184009

# شىخو تۈرمىسى

شىخو تۈرمىسى ـ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ، تېرىلغۇ مەيدانى 49 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىقتىكى كوزۇر مەھسۇلاتى پاختا. 1998 ـ يىلى تۈرمە دېھقانچىلىق، سانائەتتە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 14 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 3 مىليون 900 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، پەقەت پاختىدىن ئىبارەت بىر تۈردىلا 9 مىليون يۈەن قىممەت ياراتتى.

تۈرمە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، «بىر يىل قاتتىق ئىشلەش، ئىككى يىل ئۆزگىرىش ياساش، ئۈچ يىل زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش»، تىن ئىبارەت نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

تۈۋەتتە پاختا بازارلىرى باھا چۈشۈشتەك ھادىسىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ «يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا بىر گەۋدە قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، يۈرۈشلەشكەن» تەرەققىيات يولىغا ماڭدى. ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ 12.5 كىلومېتىر يولغا قارامايى يېيىپتى، سىرتقى مۇھىت گۈزەللىكىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. ئۇلار 2000 ـ يىل 20 مىڭ مو يەرنى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈشنى تاماملاپ شىخو تۈرمىسىنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن تىرىشماقتا.



△ رەھبەرلەر كېۋەز ئېتىزلىقىدا.



◁ پاختا پە
شىقلاش،

▽ ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.



△ مول ھوسۇلدىن ئۈمىد چوڭ.



▽ مول ھوسۇل پەسلى.





◁ بۇغدايدىن ھوسۇل ئېلىندى.

◁ ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى.

# مۇقىملىقنى قوغداش ـ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى

★ ئابلىز ھوشۇر ★

21 ـ ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى داغدۇغىلىق كۈتىۋالماقتىمىز. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ۋەتىنىمىز دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن، ئاۋات سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندى. ھەرمىللەت خەلقى ئىتتىپاقلاشقان، ئورتاق گۈللەنگەن، ئورتاق راۋاجلانغان، باراۋەر، ئىناق بولغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ھەرمىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە. ھەرمىللەت خەلقى مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتقا تېخىمۇ مۇھتاج بولماقتا.

ئىجتىمائىي مۇقىملىق ـ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى، مۇقىملىق ئۈنۈملۈك بولۇپ دۆلەت ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك مەنپەئىتى، مۇقىملىق بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، ھەرقانداق شەكىلدىكى مالىمانچىلىق، مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىش ۋە سۆز، ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ـ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ غەرپلەشتۈرۈش، جۇڭگونى پارچىلاش سىياسىي سۈيىقەستى ـ غەرب دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىزچىل ۋاستىسى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ـ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ـ 56 مىللەتنىڭ ئورتاق، مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى. بىز شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى، مۈشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە چوقۇم بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، ھەرمىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارغا تايىنىشىمىز، ئىنتايىن ئازساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارغا قانۇن بويىچە زەربە بېرىشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھېچقانداق مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ ۋە ھەل قىلىپ، سىياسەت ۋە تاكتىكىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىش، باش كۆتۈرگەن ھامان ئۇجۇقتۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، زوراۋان، تېررورچى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ماھىيەت جەھەتتىمۇ، ھادىسە جەھەتتىمۇ تۈزەپ، بىخەتەر، مەدەنىيلىك رايون قۇرۇش پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كارخانا ۋە مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىق تەرتىپىنى ياخشىلاپ، بىخەتەر، مەدەنىيلىك رايون بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز، ھەرمىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشىمىز، كۆچمە ۋە ئاقما نوپۇسلارنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قانۇن ئىزىغا سېلىپ، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

سىياسىي ـ قانۇن كادىر، ساقچىلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، 15 ـ قۇرۇلتاي 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆز خىزمەتلىرىدە ئەمەلىي نەتىجە يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ 50 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوغدىشى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدىشى، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە جەڭگىۋار، پولات ئىستىھكام بولۇشى كېرەك.

# بۇ ساندا


**جەلپكار نۇقتىدا**

مۇقىملىقنى قوغداش ـ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.......................... ئابلىز ھۇشۇر(1)

**ئامانلىق يولى**

ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك................ (4)

**دېلو مەيدانى**

نىيەقەدىمكى شەھىرىدىكى «ئەرۋاھلار»....................... .. ....چۇەن پېڭفېي (5)

ھاياتنى دوغا تىككەنلەر ............................ تۇرغۇن سىدىق (7)



ئۇلار جىنايەت سادىرقىلىپ، قانلىق پاكىتنى يوقىتىۋېتىپ ھارام مالدىن بەھرىمان بولما قچى بولدى، ئەپسۇس، ئۇلار ئاخىرى ھاياتنى دوغا تىككەنلىكنى چۈشەندى.

«قىساسكار» لارنى يەم بىلەن تورغاچۈشۈرۈش........... ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (10)

**نىكاھ ۋە ئەخلاق**

ئۇ زادى كىمنىڭ ئېرى؟............................ جاۋشياۋ مېڭ (15)

ئۈچ ھەدە ـ سىڭىلنىڭ شەپقەتسىزئەرنى تالىشىشى ....................تاڭ يىنشېڭ(20)



1999 ـ يىلى 1. ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى، ليۇ لىلى ئەمدىلا 8 كۈنلۈك بولغان بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ قانۇن مۇلازىمەت ئورنىغا كەلدى ـ دە، ئېرىنىڭ باشقىلار بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

**تارىخىمىزدا**

چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى قاشتېشى دېلوسى ....................(25)

**ئەخلاق ۋە قانۇن**

بىمەنە مۇھەببەت ..............................................(28)



# ئامانلىق

1999 ـ يىل 11 سان

(ئومۇمىي 35 ـ سان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسلىھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق



پەخرى مۇدىر: جۇشېڭئاۋ

ئالىي مەسلىھەتچى: ئىسمايىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، لى فېڭزى، شەن يۇشىڭ

مۇدىر: سۇڭ جىيى

مۇئاۋىن مۇدىر: دۇشىنفۇ، چۇيۇەنلياڭ، جياۋ مىڭچى، ليۇ گۇاڭزۇ، ۋەن زوڭلىن، بوشياۋ، خو شياۋچېن

ھەيئەتلەر:

ۋەن زوڭلىن، ۋاڭ بېيىنىڭ، ھەسەن توختى، ليۇ گۇاڭزۇ، سۇڭ جىيى، چېن بەيجۇڭ، شاۋسۇېن، ۋۇجيەنگو، خو شياۋچېن، دۇشىنفۇ، غەيرەت نىياز، جياۋ مىڭچى جىڭ جيەنجۇڭ، چۇ يۇەنلياڭ، سەي يۇجى، بوشياۋ

# بۇ ساندا


**ئەخلاق ۋە قانۇن**

ستۇدېنت قىزنىڭ يولدىن چىقىشى ........................ گورۇي (33)
بىر كېچىلىك ئىشقىۋازلىقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ ئەن زى (37)



ئۇ پۇل تېپىش مەقسىتىدە جەنۇبقاپىرىپ گۈل دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بىلەن ئاپاق چاپاق بولۇدۇ، ئۇيلىمىغان يەردىن ئىشقىۋازلىق ئۇنى ئاپچىق پۇشايماندا قويىدۇ.

**نەزمىر**

ئۇ ئۆز غۇرۇرىنى ساقلىدى ........................ جىن يى (42)
جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇھىم جىنايەتچىنىڭ قانۇن تورىغا چۈشۈشى ........................ (46)

**سوۋغا**

شىنجاڭدا باندىت تازىلاش ........................ لى باۋشېڭ (50)

**قانۇندىن ساۋات**

........................ (59)

**ئەمەلىيلىق ئەلچىلىق ئۇچۇرلار**

........................ (60)

**تىرمىلەر**

........................ (62)

........................ (63)

**كۆڭۈل ئارزۇسى**

........................ (64)



باش مۇھەررىر: دۇشىنفۇ
مۇئاۋىن تەھرىرات باشلىقى: غەيرەت نىياز
تەكلىپلىك مۇھەررىر: قادىر ئىبراھىم
جاۋابكار مۇھەررىر: ئەخمەت راخمان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئۇمەرجان قاسىم
ماشىنىست: رەيھانگۈل خالىق
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
ژۇرنال تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
CN 65 — 1009 /D — W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 147 ـ 58
ئېلانغا رۇخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى: 00535177
باسقۇچى: زۇڭخېڭ باسما زاۋۇتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى ساغلاملىق يولى 2 ـ نومۇر
تېلېفون: 2817524 ئارقىلىق 21385 نى ئېلىڭ
پوچتا نومۇرى: 830003
باھاسى: 4.00 يۈەن
(بوسان ژۇرنال 20 ـ ئۆكتەبىر چىقتى)
مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى ئۇمەرجان قاسىم تارتقان

# ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك

## ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى

ئۆز خەۋىرىمىز: 10 - ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ شېڭتاۋ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتلىرىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى نەتىجە قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بولۇپمۇ، مەدەنىي رايون بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مۇقىم، ياخشى بولغان جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ شيۇمىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا، مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان كارخانا ئورۇنلىرىدا بىخەتەر، مەدەنىي رايون بەرپا قىلىشتا ھەممە ئورتاق تۈزەش، ئورتاق بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يىغىننىڭ روھى ھەمدە ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەكتەپلەرنىڭ ۋە مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھازىرقى ئامانلىق ئەھۋالى ئۇقتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى، ھائارىپ كومىتېتىنىڭ «مەكتەپلەر ۋە مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىقنى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى پىكرى» يەتكۈزۈلدى.

جۇ شېڭتاۋ مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى ئومۇمەن ياخشى بولدى، ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرمىدى.

لېكىن نۆۋەتتە ئامانلىق ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى كەسكىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايدا، جابلار، تارماقلار مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشكە بولغان رەھبەرلىك ۋە



ماسلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى ئىزچىل ئىشلەپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

جۇ شېڭتاۋ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: كارخانا ئورۇنلىرىدا بىخەتەر، مەدەنىي رايون بەرپا قىلىشنى ئورتاق تۇتۇش خىزمىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئامانلىق مۇھىتى يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. بىخەتەر، مەدەنىي رايونلارنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتىنى تۇرغۇزۇپ، ئورتاق تۈزەش، ئورتاق بەرپا قىلىش بىلەن ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىپ تۈزەشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش ۋە مەخسۇس كۈرەشنى شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغداش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كارخانىلار ئەتراپىدىكى رايونلاردا سىرتتىن كەلگەن نوپۇسنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر يۈز بەرگەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش لازىم.

جۇ شېڭتاۋ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەكتەپلەر ۋە مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى مۇھىتتا كۆرۈلگەن گەۋدىلىك ئامانلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپلەر ۋە مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىق ئەھۋالىدا روشەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، بىراق، قىسمەن مەكتەپلەر ۋە مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىق ئەھۋالىدا بەزى مەسىلىلەر تەكرارلاندى. شۇڭا، مەكتەپلەردە ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالماي، بەلكى ئىنتايىن زۆرۈر. مەكتەپلەر ۋە مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بىخەتەر، مەدەنىيلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش كېرەك.

# نىيە قەدىمكى شەھىرىدىكى «ئەرۋاھلار»



چۇەن پېڭفېي

## قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمىي مەدەنىيەت

تەخمىنەن 1700 يىل ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، كىرورەن پادىشاھلىقىنىڭ غەربىدە «نىيە دۆلىتى» دەپ ئاتالغان بىر شەھەر بەگلىكى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدا ناھايىتى ئاۋات، تۇرمۇشى باياشات شەھەر بولۇپ، كېيىن، قەدىمكى نىيەلىكلەر تۇغراقلارنى ھەددىدىن زىيادە كېسىپ رايون خاراكتېرلىك قۇملىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، «نىيە دۆلىتى» پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا قالغانىدى. تارىختىكى ئۈچ قېتىملىق چوڭ كۆچۈشتىن كېيىن ھازىرقى نىيە ناھىيىسى بارلىققا كەلگەن. نىيەلىكلەر كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، «نىيە دۆلىتى» چەكسىز تەكلىماكان چۆللىكىدە يوقالغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قۇم ئاستىدا ياتقان بۇ شەھەرنى تۇنجى بولۇپ بايقىدى، بۇ ئىش دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. نۇرغۇن سىرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەشھۇر ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەنىدى.

1996 - يىلى 1 - ئايدا، گوۋۇيۈەن نىيە قەدىمكى خارابىسىنى 4 - تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن جىنايەتچىلەرنىڭ كۆزىمۇ بۇ گۆھەر زېمىنغا تىكىلدى.

## نىيە قەدىمكى شەھىرىگە بىر توپ قاراقچى كەلدى

نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە تەۋە ياغاچ پۈتۈك، مىس ئەينەك، ساپال بۇيۇملىرى، قۇرۇق جەسەت قاتارلىق بىباھا بۇيۇملار كۆمۈلگەن. بىر قانچە يىللار ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئوغرىلار چۈشىدىمۇ مۇشۇ خارابىدىن «گۆھەر» قېزىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان خارابىلىققا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

باشقا يۇرتلۇقلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىشنى يەرلىكلەر قىلالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى.

1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، تەكلىماكان قۇملۇق تاشيولىدا كېتىۋاتقان كورلىلىق بىر شوپۇر ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋالغان ئەخمەتجانغا:

— مۇشۇ قۇملۇقتا بىر قەدىمىي شەھەر بار، ئۇنىڭدا سانسىزلىغان ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملار كۆمۈلگەن. خالىغان يەردىن بىر - ئىككى پارچە تېرىۋېلىپ ساتساڭ ئون نەچچە تۈمەن يۈەنگە بارايدۇ. ياقا يۇرتلۇقلار يول بىلمىگەچكە ئۇ يەرگە كىرىشتىن قورقىدۇ. سىلەر يەرلىكلەر ئەگەر كىرەلىسەڭلار چوقۇم بېيىپ كېتىسىلەر، — دېدى.

ئەخمەتجان نىيەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ياش بولۇپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئەندىرىدە خىزمەت قىلغان. 1996 - يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن بىللە ياۋا توڭگۇسغا كۆچۈپ بارغان. شوپۇرنىڭ گېپى ئەخمەتجاننى «بۇ بېيىشنىڭ بىر يولىكەن» دەپ ھېس قىلدۇردى.

«قۇملۇقتىكى ئىپتىدائىي قەبىلە» دەپ ئاتالغان بۇ جايدا بىر قانچە يىل خىزمەت قىلغان.



8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئەخمەتجان ياۋا توڭگۇسلۇق مەتوختىنى تاپتى. ئەخمەتجان مەتوختىغا خىزمەت ئىشلەپ: «قېزىۋېلىنغان ھەر قانداق نەرسىنى پۇل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بېيىمەن دېسەڭ، ئىشەنچلىك ئادەمدىن ئىككىنى تاپ، بىز بىرلىكتە قەدىمى شەھەرگە بېرىپ گۆھەر قازىمىز»، دېدى. پۇلخۇمار مەتوختى بۇ ئىشقا قوشۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، تۆگىچى تۇردى مۇھەممەت ۋە پادىچى ئابدۇغېنىنى تاپتى. ئۇلار ئۈچ تۆگە، كەتمەن ـ گۈرجەك، ئوزۇقلۇق تەييارلاپ، 27 ـ كۈنى كەچتە يولغا چىقتى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇلار ئاخىرى نىيە قەدىمى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ھەم شۇ زامان ئىشنى باشلىۋەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇلار ئىشنى داۋاملاشتۇردى. نىيە قەدىمى شەھىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئەخمەتجانلار ئىشنى باشلاپ «P2 — A10»، «P2 — A11»، «P2 — A12» دېگەن قىزىل خەتلەر يېزىلغان ياغاچ قوزۇقلارنى ئۆچۈرىۋېتىپ تۇردى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ئارخېئولوگلار ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى مەخسۇس قالدۇرغان تەرتىپ نومۇرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ھەم سىلىكسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە پەقەت «بىر قانچە ئالتۇن قورچاق» قېزىۋېلىشلا بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەخمەتجان يەنە پاختا يىپ بىلەن باغلانغان ياغاچ پۈتۈك قېزىۋالدى. ئۇنىڭدا لايدا ياسالغان بىر كىچىك قۇلۇپ بار ئىدى. ئۇ ياغاچ پۈتۈكنى قولىغا ئېلىشى بىلەن پاختا يىپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. لاي قۇلۇپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ كەتمەن بىلەن ئۇرۇۋىدى لاي قۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ياغاچ پۈتۈكتىكى يېزىقنى تونىمىسىمۇ بۇ چوقۇم پۇلغا يارايدىغان نەرسە دەپ ئويلاپ ئاۋايلاپ يىغىپ قويدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇلار بىر تۇپ پاختا رەختكە ئېرىشتى. ئەخمەتجان بىلەن مەتوختى ئۇنى تارتىشىۋىدى، بىر قانچە پارچىغا بۆلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى، ئۇلار ياۋا توڭگۇسقا قايتىش يولىدا بىر دانە قەدىمكى ئەينەككە ئۇچراپ قالدى. ئۇلار ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ مىس ئەينەكنى قوينىغا تىقىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

## بەربات بولغان شېرىن چۈش

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ياۋا توڭگۇسقا قايتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئەخمەتجان بېيىشنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ھازىر ئۇ ھېلىقى كورلىلىق شوپۇرنىڭ تويۇقسىز كۆز ئالدىغا پەيدا بولۇشىنى، شۇ ئارقىلىق مالنى پۇلغا ئايلاندۇرۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئەخمەتجان ياغاچ پۈتۈكنى ئېلىپ نىيە بازىرىغا كېلىپ خەبەردار ئىزدىدى. نىيە ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات رايون بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولمىغان تۇرۇقلۇق، كىممۇ پۇل خەجلەپ كونا مال سېتىۋېلىپ ھوزۇرلانسۇن. ياغاچ پۈتۈككە قويۇلغان باھا ئاران 150 يۈەن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە قالغان ئۈچ دېھقانمۇ ياۋا توڭگۇستىن بازارغا كېلىپ باھا قويۇلغان يېرىدىن چىقمىغانلىقتىن قايتىپ كەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە، بىر ئادالەتپەرۋەر ئۇيغۇر بوۋاي نىيە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ياۋا توڭگۇس ساقچىخانىسى ئەخمەتجانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، 4 پارچە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقنى قولغا چۈشۈردى ۋە مۇسادىرە قىلدى. 23 ـ كۈنى، نىيە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئەخمەتجان قاتارلىق 4 كىشىنى قولغا ئالدى. 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، نىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەخمەتجانغا 8 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ، 3 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش، مەتوختىغا مۇددەتلىك 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، 2 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇش، تۇردى مۇھەممەتكە مۇددەتلىك 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش، 3 تۆگىسىنى مۇسادىرە قىلىش، ئابدۇغېنىغا مۇددەتلىك 3 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش ھۆكۈمىنى ئېلان قىلدى.

## جىنايەت تېخى ئاخىرلاشمىدى

يېقىندا، ج خ ئورگانلىرىنىڭ نىيە قەدىمى شەھىرىگە ئوغرىلىقچە كىرگەن ئىككىنچى تۈركۈمدىكى جىنايەت گۇرۇھىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. 4 نەپەر باش جىنايەتچى قولغا ئېلىنىپ، بۇ دېلوغا چېتىشلىق 20 نەچچە كىشى تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بىرىنچى، نىيە قەدىمى شەھەر خارابىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى جىددىي كۈنتەرتىپكە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى، بۇ خارابىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، نىيە بازىرى بىلەن قەدىمى شەھەرنىڭ ئارىلىقى پەقەت 200 كىلومېتىر، قۇملۇق تاشيولى بىلەن 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىخەتەرلىك قوغداش تەدبىرلىرىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشلەر بولمىدى، يەنى بىر نەپەر قوغدىغۇچى چەكسىز كەتكەن، ھېچقانداق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولمىغان چۆللۈكتە قوغداش ئېلىپ بارىدىكەن( ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قوغدىغۇچىنىڭ ئۆيى قەدىمى شەھەرگە 50 كىلومېتىر كېلىدىغان كەنتتە بولۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بېرىپ كۆزىتىپ قويۇپ قايتىدىكەن) . بۇ ئەھۋال يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى مۇداپىئە ـ قوغداش تەلىپىگە قانداقمۇ ئۇيغۇن كەلسۇن؟

ئىككىنچى، شۇ جايدا مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىنى تېزدىن تەسىس قىلىپ، ئەدلىيە ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، «مەدەنىي يادىكارلىقلار قانۇنى» نى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، نامرات، ساپاسى تۆۋەن دېھقان ـ چارۋىچىلارغا «نىيە قەدىمى شەھىرىگە بېرىپ گۆھەر ئىزدەش بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىش ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش، گۆھەر ئىزدەش جىنايەت بولۇپ، قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ»، دېگەن ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتنى بىلدۈرۈپ، «دۆلەتنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى قوغداش شەرەپلىك، دۆلەتنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش نومۇس» دېگەن ئاڭنى تۇرغۇزغاندىلا، دۆلەت دەرىجىلىك نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ قالغىلى بولىدۇ.

سەمى مامۇت (ت)





ئۇلاۋە: جىنايەتچىلەر! «جىنايىتىمنى ھېچكىم كۆرمىدى» دېمەڭلار، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك»، «ئەقىل ئىشلەتسەم، تاپالمايدۇ» دېمەڭلار، كادىر ـ ساقچىلىرىمىز سىلەردىن ئەقىللىق.

بۇ يىل 6-ئاينىڭ 29-كۈنى تاكسى بۇلاپ شوپۇرنى ئۆلتۈرگەن 2 نەپەر گۇماندار 23 سائەت ئىچىدىلا قانۇننىڭ تورىغا چۈشتى. ئۇلار جىنايىتىنى ھېچكىمگە تويدۇرماسلىق ئۈچۈن شوپۇرنى ئالداپ تاغ جىلغىسىغا ماشىنىسىنى ھەيدىتىپ بارغان، شۇ يەردە ئۇنىڭغا قول سالغان، بارماق ئىزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن جىنايەت سادىر قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرى تۇتقان بارلىق نەرسىلەرنى ھەتتا زىيانلانغۇچىنىڭ جەسىتىنى سۆرىگەن. «زىيانلانغۇچىنىڭ جەسىتىنى تاپقان تەقدىردىمۇ جىنايەت سادىر قىلغۇچىنى تاپالمايدۇ» دەپ جەزىملەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى خاتىرجەم تۇتقان. باشقىلارغىمۇ شۇنداق تۇيغۇ بېرىش ئۈچۈن جىنايەت سادىر قىلىپ ئەتىسىلا ئۆيىدە كېسەك قۇيغان. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ قىلغىنى بەربىر بىكار كەتتى.

# ھاياتنى دوغا تىككەنلەر



تۇرغۇن سىدىق

## چېچەن دېھقاننىڭ گۇمانى

6-ئاينىڭ 29-كۈنى كەچقۇرۇن، ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى لايلىق كەنتىدىكى دېھقان ئەنسارۇللا تاغدىكى چارۋىلىرىنى يوقلاپ قايتقانىدى. «شالى» ماركىلىق تاكسى تاغ يولىدا توپا چىڭقىتىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنىدا شوپۇردىن باشقا يەنە ئىككى نەپەر ياش يىگىت ئولتۇراتتى. دېھقان ئانچە-مۇنچە كەينىگە قاراپ قويۇپ، ۋېلىسىپىتى بىلەن يولىنى داۋام قىلىۋەردى. ھېلىقى قىزىل رەڭلىك «شالى» جىلغىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

«ئۇ تەرەپتە (شالى) ماڭغىدەك يول يوق تۇرسا، كەچ سائەت 6 دىن ئاشقان چاغدا بۇلار نەگە بارىدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى دېھقان. ئۇ ئالاھەزەل بىر كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن يەنە كەينىگە قارىۋىدى، دەل دەرەخسىز «گۇندۇلۇق» جىلغىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى سايدا ئىككىسىنىڭ بىرسىنى قوغلاپ يۈرگەنلىكى، يەنە بىرىنىڭ جىنىنىڭ بارىچە قېچىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى دېھقانغا ئوينىشىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى جان بىلەن جان ئېلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. دېھقان ئەنسارۇللا كەنتنىڭ بېشىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، كۆرگەنلىرىنى نۇر ئىسلام قاتارلىقلارغا سۆزلەپ بەردى. بۇ ئىككىسى شۇ يەردىكى بىر كىچىك دۇكانغا كىرىپ تېلېفون ئارقىلىق ئۇستۇن ئاتۇش يېزىلىق ساقچىخانىسىغا ئەھۋال مەلۇم قىلدى. بۇ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى قوربان مەسۇم شۇ كۈنى كەچ سائەت 8 دە ئاتۇش شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شاۋكەت ئابدۇشۈكۈرگە تېلېفون بېرىپ، يولىيورۇق ئالغاندىن كېيىن، ساقچىخانىدىكى شۇ رايوننىڭ مەسئۇل ساقچىسى تۇرسۇن ئىمىن قاتارلىق 4 نەپەر ساقچىنى گۇمانلىق «شالى» نىڭ ئىزىغا چۈشۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئىز قوغلاپ مېڭىپ ۋە ئاممىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ لايلىق كەنتىگە كەلگەندە، كېرىماجى ئىسىملىك 15 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا ئۇلارنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بىز بىر قانچە بالا سايدا قوي بېقىۋاتاتتۇق، بىر قىزىل «شالى» ماشىنا كېلىپ يېنىمىزدىكى ئېرىقتىن ئەستە ئۆتتى. مەن كەينىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسىنى تونۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن، لېكىن



لايىق كەتتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بۇ مۇھىم بىپ ئۇچىغا ئاساسەن ساقچىلار بۇ كەتتىكى تۇتقىلىق نوپۇزلارنى رەتكە تىزىپ كۆرۈپ، مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىدە يېتىپ چىققان «خ» دىن گۇمانلاندى. ئۇنىڭ چىراي شەكلىنى، بوي-تۇرقىنى پادىچى بالىغا سۆزلەپ بېرىشىدى، ئۇمۇ ئۇنداقلىقىنى تەستىقلىدى.

- «شالى» ئۇتتۇپ كەتكىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟- سورىدى ساقچىلار.

- بىر سائەتتەك بولدى،- دېدى بالا. ساقچىلار «شالى» نىڭ ئىزىنى قوغلاپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار 35 كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، سابىدا «شالى» نىڭ ئىزىنى يىتتۈرۈپ قويدى. ئاخىرى ئۇلار ئۇدۇل مېڭىۋېرىپ، كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش بېزىسىغا باردى. كېچىچە يول ئۈستىدىكى بىر كەتتىنى ئاختۇرۇپ، سۈرۈشتە قىلىپ بىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن، تاڭ سەھەر سائەت 4 دە يېزىلىق ساقچىخانىغا كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بىر قانچە ساقچى پادىچى بالا تەمىنلىگەن بىپ ئۇچىغا ئاساسەن، «خ» نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، 6-ئاينىڭ 29-كۈنى ئۇنىڭ بىر تاغار بۇغدايىنى بىر قول ھارۋىسىغا بېسىپ «ئۇن تېگىشىپ كېلىمەن» دەپ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتى.

ئەتىسى (6-ئاينىڭ 30-كۈنى) ئەتىگەندە ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نۇرۇللا 4 ساقچىنى ۋە بىر شارائىتنى پىششىق بىلىدىغان بىر دېھقاننى ئېلىپ ھېلىقى ئىككىسى بىرسىنى قوغلاپ يۈرگەن جايدىكى جىلغىلارنى ئاختۇرۇپ ھېچقانداق بىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار 6-ئاينىڭ 30-كۈنى چۈش مەزگىلى تاغ ئارىسىدىكى كاتاڭ يولدا ھېلىقى «شالى» نىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. «شالى» نىڭ خوت ئابرىنغۇچىسى سۈنغان بولۇپ، گۇماندارلار ھەيدەش مۇمكىن بولمىغاندا تاشلاپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. دېھقاننىڭ گۇمانى راست چىقتى، بۇ بەردە دېلو يۈز بەرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ تاكسى بۇلاپ شوپۇرنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى بولسا، جەسەت نەدە، گۇماندارلار چۇ؟!

# زىيانلانغۇچى كىم؟

تېلېفون ئارقىلىق ھەممە ئىشنى خەۋەر تېپىپ تۇرغان ئاتۇش شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شاۋكەت، رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى مۇختار ياسىن قاتارلىق 3 نەپەر رازۋېدكىچى ۋە بىر نەپەر تېخنىك خادىمنى ئېلىپ 6-ئاينىڭ 30-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈستۈن ئاتۇش ساقچىخانىسىغا يېتىپ باردى. ئۇلار بۇ ساقچىخانىدىكى 2 نەپەر ساقچىنى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا گۇماندارنى رازۋېدكا قىلىشقا قالدۇرۇپ، قالغان ساقچىلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە بىر دېھقاننى ئېلىپ جەسەتنى تېپىشقا ئاتلاندى. ئۇلار گۇماندارلار تاشلاپ كەتكەن «شالى» نىڭ يېنىغا كېلىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق نومۇر تاختىسىنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. «شالى» نىڭ كەينى ساندۇقىدىن بىر سومكىغا سېلىنغان ۋاڭ يۈگشىن ئىسىملىك شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ۋە ماتور كىنىشكىسىنى تاپتى. ئۇلار 6-ئاينىڭ 30-كۈنى كەچ سائەت 10 دا «شالى» نى يېزىلىق ساقچىخانىغا سۆرەپ ئەكىلىپ قويۇپ، 3 نەپەر ساقچىنى گۇماندار «خ» نىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ساقچىلار «خ» نىڭ پاناھلىنىش ئېھتىمالى بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمى، ئادرېسلىرىنى ئېنىقلىغاندىن باشقا، يەنە مەزكۇر گۇماندارنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئىدارە باشلىقى شاۋكەت ساقچىلار بىلەن قىسقىلا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ جەسەتنى ۋە گۇماندارلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئىزدەش قارارىغا كەلدى ھەمدە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن يەنە 5 نەپەر ساقچى ياردەمگە كەلدى.

7-ئاينىڭ 1-كۈنى سەھەر، نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان شاۋكەت ساقچىخانا باشلىقى قۇربان مەسۇمنى ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنى ماسلاشتۇرۇشقا قالدۇرۇپ، قالغان 18 ساقچىنى 4 گۇرۇپپىغا بۆلدى. بىر گۇرۇپپا ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا قېلىپ، بىر گۇرۇپپا ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە، بىر گۇرۇپپا قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ گۇماندارلارنى رازۋېدكا قىلىشقا بەلگىلەندى. شاۋكەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان گۇرۇپپا دەسلەپتە ئەھۋال مەلۇم قىلغان دېھقان ئەنسارۇللا ۋە پادىچى بالا كېرىماجىنى ئۆز گۇرۇپپىسىغا قوشۇپ، زىيانلانغۇچىنىڭ جەسىتىنى تېپىشقا بەلگىلەندى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلار ئۆز ۋەزىپىسى بويىچە چاقماق تېزلىكىدە جەڭگە ئاتلىنىشتى. جەسەت ئىزدەش گۇرۇپپىسى گۇماندارلار بىلەن زىيانلانغۇچى قوغلىشىپ يۈرگەن دائىرىگە كېلىپ، ھەر بىر ئادەم تەخمىنەن 150 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ تومۇزنىڭ ئىسسىقى ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا قارىماي تارقىلىپ ئىزدىدى.

زىيانلانغۇچىنىڭ جەسىتى «ئازغانلىق جىلغىسى» دىكى بىر ئېقىندا يەنە ھېلىقى دېھقانغا ئۇچرىدى.

ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈي شىڭباۋ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەنۋەر توختىلار بىر قانچە ساقچى ۋە 2 نەپەر قانۇن دوختۇرى بىلەن نەق مەيداندا ھازىر بولدى. قانۇن دوختۇرلىرى جەسەتنى تەكشۈرۈپ كۆردى. زىيانلانغۇچى قەبىھ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قىپ-يالىڭاچ ھالەتتە ياتاتتى. ئىككى قولى لوڭگە بىلەن، ئىككى پۇتى تاسما بىلەن، ئېغىز-بۇرنى ئۆز ئىشتىنى بىلەن تېڭىۋېتىلگەنىدى. بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىگە تاش تىقىۋېتىلگەنىدى.

زىيانلانغۇچىنىڭ جەسىتى تېپىلغاندىن كېيىن بۇ گۇرۇپپا قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ بۇ يەردىكى ساقچىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاكسىدىن تاپقان ئادرېسقا ئاساسەن زىيانلانغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە باردى.

- ئائىلەڭلاردىكى ۋاڭ يۈگشىن قاچان ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن؟- سورىدى ساقچىلار.

- مانا مەن ۋاڭ يۈگشىن بولىمەن.

ساقچىلار جەسەتنى تېپىپ قويغان تاكسى

F A Z H I Z O N G H E N G



شوپۇرنىڭ بەنە ھايات بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ساقچىلار بۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىش ئارقىلىق، بۇ ئائىلىدە «شالى» ماركىلىق بىرلا ماشىنا بولۇپ، ئۇنى ئىككى بالىنىڭ نۆۋەتلىشىپ ھەيدەيدىغانلىقى، ئۆيدىكى ئۈزىنىڭ ئوغلى ۋاڭ يۇكشىن، 6-ئاينىڭ 29-كۈنى تاكسىچىلىق قىلىشقا چىقىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغىنى ئىچكىرىدىن ئېلىپ چىققان مەلۇم تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ليۇ بى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ماشىنىنىڭ كەينى ساندۇقىدىن تېپىلغان شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ھايات قالغان ئوغلى ۋاڭ يۇكشىننىڭ بولۇپ، ماشىنىنىڭ كېيىنكىسىدىكى شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى گۇماندارلارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەمدى گۇماندارلار نەدە؟!

## گۇماندارلار قېچىپ قۇتۇلالمىدى

ئاتۇش شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى مۇختار ياسىن ۋە 3-ئەترەتنىڭ باشلىقى مۇھەممەتجان باشچىلىقىدا قەشقەر شەھىرىدە گۇماندارلارنى رازۋېدكا قىلىشقا چۈشكەن گۇرۇپپا 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەتىگەندىلا قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن گۇماندار «خ» نىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئالاقە قىلىدىغان ئادەملىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ، ھېچقايسىسىدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار قەشقەر شەھىرىدە ئۇستۇن ئاتۇشلۇق مەلۇم كىشى ھۆددە ئالغان مېھمانخانىغا بېرىپ، كۈتكۈچى خادىمدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، «خ» نىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىۋىدى، كۈتكۈچى دەرھال تونىدى ھەمدە ئۇنىڭ 6-ئاينىڭ 30-كۈنى «ت» بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ چۈشتە بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇختار مېھمانلارنى تىزىملاش دەپتىرىنى ئېلىپ: «ت» 23 ياش، ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزا دىخانلا كەنت 308-ئۆي، دەپ يېزىلغان قۇرنى تاپتى. بۇ 6-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى تىزىملىك بولۇپ، 29-كۈنى تاكسى بۇلاپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەردى. 6-ئاينىڭ 30-كۈنى «ت» بىلەن «خ» يەنە مۇشۇ مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇنداقتا «خ» نىڭ شېرىكى «ت» مىدۇ؟ مۇختار مېھمانخانا خىزمەتچىسى بىلەن قايتا-قايتا سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق «ت» بىلەن «خ» نىڭ 6-ئاينىڭ 29-كۈنى يانچۇقىغا پۇل-مال ئېلىپ قويۇپ ياتمىغانلىقىنى، 30-كۈنى مېھمانخانىغا كەلگەندە، ئۇلاردىن نەگە بارغانلىقىنى سورىسا «ئاستىن ئاتۇشقا باردۇق» دېگەنلىكىنى ئۇقتى. رازۋېدكىچىلار تەھلىل قىلىپ، «خ» نىڭ شېرىكى «ت» ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى-دە، دەرھال ئۇستۇن ئاتۇش يېزىلىق ساقچىخانىغا «ت» نى تۇتۇش توغرىسىدا تېلېفون بەردى. ساقچى ئىلمۇالدى بىر يېزا كادىرى بىلەن «ت» نىڭ ئۆيىگە بارغاندا، «خ» بىلەن ئىككىسى كېسەك قويۇۋاتقانىكەن. ئىلمۇالدى كوزىرا باكى بىرەر قورال ئېلىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپ 2 نەپەر گۇماندارنى ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلدى. زىيانلانغۇچى تەرەپ ھېچقانداق دېلو مەلۇم قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، خەلق ئاممىسى ۋە كادىر-ساقچىلارنىڭ بىرلەشمە جەڭ ئېلىپ بېرىشى بىلەن تاكسى بۇلاپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى 23 سائەت ئىچىدىلا پۈتۈنلەي پاش قىلىندى.

## جىنايەت قانداق پىلانلاندى؟

ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن «خ» بۇرۇن «ت» بىلەن تونۇشمايتتى. ئۇلار ئەنە شۇ مېھمانخانىدا يېقىندىلا تونۇشقان. ئۇلارنىڭ ئىقرارىدىن قارىغاندا، «خ» «ت» گە بىرەر تاكسى بۇلاش توغرىسىدا مەسلىھەت سالغان. «ت» مۇ قوشۇلغان. ئۇلار 6-ئاينىڭ 29-كۈنى مېھمانخانىغا بىلەت ئېلىپ قويۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە قەشقەر شەھەر كوچىسىغا چىقىپ ئابال تاكسىچى ئىزدىگەن. بىر ئايال تاكسىچىنى توسقان بولسىمۇ، يېنىدا بىر ئەر كىشى بارلىقىنى كۆرۈپ ساقچىنى تاپقاندا. بىرقانچە تاكسىچىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئاخىرى 19 ياشلىق ۋېجىكرەك كەلگەن ليۇ بېنى تاللىغان ھەمدە ئۇستۇن ئاتۇشتىكى ئۆيىگە يەنكۈزۈپ قويۇشنى 35 يۈەنگە سۆزلەشكەن. چوڭراق كەلگەن «ت» شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا، «خ» ئارقىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ، بۇ يېزىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىكى لايلىق كەتمەك قازاپ ساڭغان. بۇ كەتمەك يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىسى «ئالدىمىزدىكى سۆگەتلىك دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم بار، يەنە 10 يۈەن قوشۇپ بېرەيلى، توختىماي مېڭىۋەرگىن» دەپ، 40 يۈەن نەق پۇلنى شوپۇرغا ئۇزاتقۇزغان. شوپۇر سەل قورققان ھالدا «مەن سىلەرگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن، كىملىكىڭلارنى كۆرۈپ باقاي» دېگەن، گۇماندار «ت» كىملىكىنى ئېلىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن شوپۇر مېڭىشقا ماقۇل بولغان. «خ» «ت» گە «شوپۇر كىملىكىڭنى كۆرۈۋالدى، ئەمدى ئۆلتۈرمىسەك ھامان بىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ» دېگەن. «ت» مۇ قوشۇلغان. ماشىنا پىنھان بىر جىلغىغا كەلگەندە، «خ» ھاجەت قىلىشنى باھانە قىلىپ ماشىنىنى توختاتقان. «خ» ھاجەت قىلغان بولۇپ كېلىپ كېيىنكىنى ئىچىدىلا شوپۇرغا قول سالغان. شوپۇر ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ ماشىنىنى ھەيدەپ قاچماقچى بولغاندا، شوپۇرنىڭ يېنىدىكى «ت» ئەتۋېركا بىلەن شوپۇرنىڭ قولىغا ئۇرۇپ، ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. ئىككىسى شوپۇرنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈپ ئۇرغان، تەپكەن، شوپۇر جېنىنى ئېلىپ قاچقاندا ئىككى گۇماندار كەينىدىن قوغلاپ تاش بىلەن ئۇرۇپ يەنە ئۆلتۈرۈۋالغان ھەمدە شوپۇرنىڭ يانچۇقىدىكى 110 يۈەن پۇلنى بۇلىۋالغان. شوپۇر «نېمە ئالساڭلار ئېلىڭلار، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار» دەپ يېلىنغان بولسىمۇ، ئۇرۇپ-چەيلەپ پۇت-قولىنى باغلاپ، زىيانلانغۇچىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئاغزىغا قاپلاپ، بۇرنىنىڭ ئۇشۇككە تاش تىقىۋەتكەن. زىيانلانغۇچىنىڭ تىنىقى ئۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۆلگەنلىكىگە تازا ئىشەنچ قىلالماي، كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بېنزىن ئىزدەپ كېچىلەپ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش يېزىسىغا كەلگەن. ئۇ يەردىن بېنزىن تاپالمىغان، ئاڭغىچە تاڭ ئېتىپ قالغاچقا، جەسەتنىڭ يېنىغا قايتا بارماي قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، كۈندۈزى ھېلىقى مېھمانخانىدا ئارام ئېلىپ، كەچتە «ت» نىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن. ئۆزلىرىنى ھېچ ئىش كۆرمىگەن خاتىرجەم قىياپەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىككىسى «ت» نىڭ ئۆيىدە كېسەك قۇيغان.

ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ جىنايىتىنى يوشۇرۇپ قالالماي قانۇننىڭ تۇمۇر چاڭگىلىغا چۈشتى. ئەمدى ھەرقانچە پۇشايمان قىلىسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئۇلار ئۆلۈمنى قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىنى كۈتمەكتە.



FAZHIZONGHENG

# «قىسساسكار» لارنى بەم بىلەن تورغا چۈشۈرۈش

ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

1

كىشلىك تۇرمۇش يولى مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي بولىدۇ. بەزىلەر ئەشۇ ئەگرى - توقايلىقلاردىن تۇغرا يولنى تاللاپ چىقىش يولى تاپسا، بەزىلەر ئادىشىپ ئۆزىنى ھالاكەت قوينىغا تاشلايدۇ. 1960 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گەنسۇ ئۆلكىسى جۇڭچۇەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان سۈي لىگۈەنلىڭ 1982 - يىلى قورال بۇلىغان جىنايىتى ئۈچۈن 13 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، 1992 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۈرمىدىن چىققان ئىدى. ئۇ 1998 - يىلى 9 - ئايدا كىچىككىنە بىر ئىش سەۋەبلىك باشقىلارنى ئۇرۇپ، ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ قويىدى. ئۇ جىنايىتىدىن قېچىپ، 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە سارسىمىدە يۈرگەن كۈنلىرىدە گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭخۇا ناھىيىسى شاڭگۇەن يېزىسىدىكى يۇرتدىشى سۇ جىنخۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سۇ جىنخۇڭ 1973 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇغۇلغان. 1992 - يىلى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ ئاقسۇ چېگرا مۇداپىئە ×× تۇەنىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1995 - يىلى ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ، ئاقسۇ ئايكۆل ساقچىخانىسىدا ئاشپەزلىك قىلىۋاتاتتى. سۈي لىگۈەنلىڭ سۇ جىنخۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ سۇ جىنخۇڭنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلىپ:

- مەن يۇرتتىن ئايرىلىپ بەك جاپا تارتىپ كەتتىم، ماڭا بىرەر ئورۇندىن مۇقىمراق ئىش تېپىپ بەرگەن بولساڭ، مەن ساڭا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتاتتىم، - دېدى.

سۇ جىنخۇڭ يۇرتداشلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ:

- قانداقلا ئىش بولسا قىلامسەن؟ - دېدى.

- مەن ياقا يۇرتتا يۈرۈپ ساڭا ئوخشاش يۇرتدىشىمغا ئۇچراپ قالغانلىقىمدىن ئىش بولسا ئىشلەيمەن دېيەلىدىم، سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇ ئىشنى قىلىمەن، بۇ ئىشنى قىلمايمەن دېيىشكە نېمە ھەددىم، شۇنداق دېيىشكە مېنىڭ نېمە سالاھىيىتىم بار.

سۈي لىگۈەنلىڭ شۇندىن كېيىن سۇ جىنخۇڭنى پاناھ تارتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ سۇ جىنخۇڭنىڭ ئاشخانىسىدا سۇيىنى توشۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈپ، ئوتىنى قالاپ ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلدى. سۇ جىنخۇڭ ئۇنىڭ پاي - پېتەك بولۇپ خىزمەت قىلىشىدىن تەسىرلىنىپ. ئۆزىنىڭ ساقچىخانىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ شەرقىي بازار ساقچىخانىسىنىڭ پارقازىنىغا ئوت قالايدىغان ئىشنى تېپىپ بەردى. ئۇ سۈي لىگۈەنگە سىرلىق قىلىپ:

- مەن ساڭا ئىش تېپىپ بېرىمەن دەپ يۈقىرى - تۆۋەن قاتراپ كۆپ جاپا چەكتىم. سەن ئىش ئورنىدا مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكىدىغان ئىش قىلساڭ، ئىشتىن ئايرىلىپ قالساڭ مېنى قايتا ئىزدىمىسەڭمۇ بولىدۇ، - دېدى.

- ئۇكام، مەنمۇ سېنىڭ يۈزۈڭنى چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلارمەنمۇ؟ ئېيتقىنا، ماڭا نېمە ئىش تېپىپ قويدۇڭ؟

- ماڭا ئوخشاش ساقچىخانىدا ئىشلەيسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈي لىگۈەننىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن سېلىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ بۇنىڭ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى ئۆزى سەزگەن ئىدى. بىراق ئۇ ھەممىنى خۇشاللىقتا يۆلەپ:

- ئېيتقىنا ئۇكام، ماڭا نېمە خىزمەت تېپىپ قويدۇڭ؟ - دېدى.

- سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ياقامدۇ، ياقمامدۇ بىلمەيمەن، پارقازانغا ئوت قالايسەن.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ ئۇكام، كۈنۈم ئۆتسىلا بولدى، سېنى مېھمان قىلاي، جۈرە، تۇزۇكرەك بىر ئاشخانىغا كىرەيلى.

ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە بىر ئاشخانىغا كىرىپ، هاراق ئىچىشىپ خېلى سىرداشتى.

2

سۈي لىگۈەنلىڭ 1998 - يىلى 11 - ئايدا ئاقسۇ شەھەر شەرقىي بازار ساقچىخانىسىنىڭ پارقازىنىغا ئوت قالاشقا ۋاقىتلىق خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ ئىشقا چۈشكەن كۈندىن باشلاپ تىلى يۇمشاق، قولى ئەپچىل، ئايىغى چاققان بولدى. ئۇ پارقازانغا ئوت قالاشتىن سىرت ساقچىخانا قورۇسىنى تازىلاش ئىشىنى ئۆزلۈكىدىن قىلدى. كىم ئىشقا بۇيرۇسا «لەببەي!» دەپ ماڭدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ساقچىخانىدىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ساقچىخانا قورۇسىنى تازىلاشتىن ساقچىخانا ئىشخانىلىرىنى تازىلاشقا ئۆتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى ھېچكىم

چەكلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تازىلىق قىلىمىغان ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ساقچىخانىنىڭ ئىشخانىلىرىغا ئەركىن كىرىپ - چىقىپ يۈرۈيدىغان بولدى. لېكىن ئۇ ھەر نۆۋەت ساقچىخانا ئىشخانىسىغا كىرگەندە كۆڭلىدە غەيرىي بىر تۇيغۇ قوزغىلاتتى. ئۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قوزغىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ساقچىخانا باشلىقى بىخەتەر ئىشكاپ ئىچىدىن بىر نەرسە ئېلىۋاتقاندا، سۇي لىڭفىڭنىڭ كۆزى ئىشكاپ ئىچىدىكى 2 تال «56 تىپلىق» ئاپتوماتقا چۈشتى. ئاپتوماتلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى دەھشەتلىك سىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىشخانىنى تېز تازىلاپ چىقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ھەر نۆۋەت ساقچىخانا ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئەشۇ ئىشكاپقا بىر نۆۋەت ئاستىرتتىن قاراپ قويۇپ، كۆڭلىدە پىلان تۈزۈيتتى. بىر كۈنى ئۇ ساقچىخانا ئىشخانىسىنى تازىلاۋېتىپ ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، تارتما ئىچىدىكى سولىياۋ خالتىغا ئوراپ سېلىپ قويغان ياگوندىن بىر جۈپنى ئوغرىلاپ ئاستا قوينىغا تىقىۋالدى ھەم ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر ساقچى فورمىسىنى ئوغرىلىدى. ئۇ ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ھېچكىممۇ سۈرۈشتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىپ، كۆڭلىدىكى پىلانى ئاستا - ئاستا مۇكەممەللىشىپ ئۇنىڭغا مەدەت بولدى.

❃

سۇي لىڭفىڭ ئۇ يەردە 2 ئاي خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ يوۋاشلىق بىلەن ئىشلەپ ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيە ھەم شارائىت جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ، سو جىنخۇگنى پات - پات يوقلاپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەمنەپەس بولىدىغان، بولمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىشقا تىرىشتى. لېكىن مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالمىدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا ئېيتاي دېسە، مەقسىتىنىڭ سۇغا چېلىنىشىدىن ئەنسىرەپ دىلىغۇل بولدى. شۇنداق كۈنلەردە سو جىنخۇڭ ئۆزىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە يەككە تىجارەت قىلىپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقان گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرى چىڭئەن ناھىيىسى سىچۈەن يېزىسلىق يۇرتدىشى لۇ يوڭشۇگنى سۇي لىڭفىڭغا تونۇشتۇردى. سۇي لىڭفىڭ لۇ يوڭشۇڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى ئۆزىتىپ قويغاندىن كېيىن سو جىنخۇگدىن:

- ئۇكام، لۇ يوڭشۇگنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ - دەپ مەقسەتلىك سورىدى. سو جىنخۇڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك:

- بىز ياقا - يۇرتتا تۇرۇۋاتىمىز، تونۇشۇپ قويساق بىز - بىرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، - دېدى.

سۇي لىڭفىڭ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ سو جىنخۇڭغا ئۆز كۆڭلىدىكى پىلانىنى پۇرسەت تېپىپ ئېيتسا بولىدىغانلىقىغا كۆزگۈل توختاتتى. سۇي لىڭفىڭ 1999 - يىلى 1 - ئايلىق ئىش ھەققىنى ئېلىپ سو جىنخۇگنى ئىزدەپ كېلىپ:

- ئۇكام، ئۆزۈن بوپتۇ، بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ باقمىغىلى، ياخشى، خالى بىرەر ئاشخانا تاپسالڭ مەن سېنى مېھمان قىلاي، مۇڭدىشايلى، مەن بۇگۈن ئىش ھەققىمنى ئالدىم، - دېدى.

سو جىنخۇڭ ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى خالى بىر ئاشخانىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار بىر نەچچە قورۇما تەييارلاپ ھاراق ئىچىشكە كىرىشتى. سۇي لىڭفىڭ ئىچىپ سەل قىزىغاندىن كېيىن:

- ئۇكام، تونۇشۇپ بىر - بىرىمىزنىڭ ئاش - تۇزىنى يېيىشكىلى خېلى ۋاقىت بولدى، لېكىن بىر - بىرىمىزگە ھال - ئەھۋالىمىزنى ئېيتىشماپتىمىز، سەن ئېيتمىساڭمۇ مەيلى، مەن بۇگۈن ساڭا دەردىمنى ئېيتىۋالاي، ھېچ بولمىسا ئىچىم بوشاپ قالار، - دېدى. سو جىنخۇڭ:

- ئاكا، تونۇشقىنىمىزغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ تۇرمۇش غېمىدە ئالدىراش ئۆتۈپ سۆزلىشىشكە پۇرسەت چىقىرالمىدۇق ئەمەسمۇ، مانا بۇگۈن كەلڭ - كۆشادە سۆزلەشمەيمىزمۇ، - دەپ ھوزۇرخالىق ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇي لىڭفىڭ ئۆزى ھەققىدە ئۆز پىلانى بويىچە ھېكايە توقۇپ سۆزلەشكە كىرىشتى.

- ئۇكام، 1982 - يىلى يۇرتىمىزدىكى بىر نەچچە ئالاقانات قورال بۇلىغان ئىكەن، ئۇلار ئاشكارىلىنىپ قېلىپ تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ بالاسىغا مېنى قويدى، مېنى ناھەق 13 يىل تۈرمىگە قاماتتى. 1998 - يىلى 9 - ئايدا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ يالغان ئىسپات بەرگەنلىكىنى ماڭا دەلىللەپ بەرمەكچى بولغان ئىدى، ئۇلار بۇنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بالاسىنىمۇ ماڭا ئارتىپ قويدى. مەن مىلڭ تەسلىكتە ساقچىلاردىن قۇتۇلۇپ بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. مەن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇلاردىن ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن.

سۇي لىڭفىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ كۆزىگە ياش ئالدى. سو جىنخۇڭ ئۇنىڭ كۆز يېشىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

- ئاكا، ساڭا ئۇلار راستىنلا ئۇۋال قىلىپتۇ، مەن سېنىڭ بۇ قىساسىڭنى ئېلىشىڭغا ياردەم بېرىمەن، - دېدى.

- ئۇكا، مەنغۇ ياقا - يۇرتتا سەرسان بولۇپ يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتىم، ئۆزۈڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن تۇرۇقلۇق نېمە سەۋەبتىن بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىڭ؟ بۇنىڭ سەۋەبى باردۇ، ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا دەرد كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

- مەن خىزمىتىم ھەل بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بۇ يەردە ئىشلەپ تۇرغان، ئۇ ئىشتىنمۇ ئۈمىد قالمىدى ھەم مېنىڭمۇ بىر دەردىم بار، ئاشۇ دەردىمنى چىقارمىسام بۇ جاھاندا ياشىسامۇ ماڭا ئەھمىيىتى يوق، بىلەمسەن ئاكا، مەنمۇ بىر كۈنى نىڭشياغا بېرىپ مېنى ئەخمەق قىلغان ئىككى ئەبلەخقە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ



قويمىسام بولمايدۇ.

- ئۇكام، ئىككىمىز ئوخشاش قىساسكار ئىكەنمىز، ئىككىمىز بىرلىكتە بۇ قىساسلىرىمىزنى چوقۇم ئالىمىز.

- ئاكا، قورۇق قول قانداق قىساس ئالىمىز؟

- قورۇق قول، كىم قورۇق قول قىساس ئېلىپ بېقىپتۇ، ئەگەر سەن ماقۇل بولساڭلا قورال تېپىشقا مەن بار.

سو جىنخۇلڭ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىۋېتىپ:

- راستىما؟- دەپ سورىدى.

- سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ سەن ماقۇل بولساڭلا ۋاقتى كەلگەندە قورالنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

- بولىدۇ، گېپىمىز گەپ بولسۇن.

- سەن ھېلىقى يۇرتىدىشىمىز لۇ يۇڭشۇڭنى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزغا ياردەم بېرىشكە كۆندۈرگىنە.- دېدى سۈي لىگۈىلىڭ.

سو جىنخۇلڭ ماقۇل بولدى. ئۇلار شۇنداق پۈتۈشۈپ ئايرىلدى.

## 4

1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، سۈي لىگۈىلىڭ سو جىنخۇلڭنى يەنە ئىزدەپ كېلىپ:

- ئۇكام، بىز ئۆز مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن، ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى بالدۇرراق تاشلاپ بۇ يەردىن ئايرىلساق بولغىدەك، شۇنداق قىلساق، كېيىن ھېچكىم بىزدىن گۇمان قىلمايدۇ،- دېدى. سو جىنخۇلڭ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئويلاپ كۆرۈپ:

- ئاكا، بۇ ئويۇڭ ياخشى بوپتۇ، بىر ئىشنى قىلغان ئىكەنمىز، چوقۇم پاك - پاكىزە قىلىشىمىز كېرەك.- دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈي لىگۈىلىڭ ساقچىخانىدىكى ئىشىدىن توختاپ ساقچىخانىدىن ئايرىلدى. لېكىن ساقچىخانا ئەتراپىدا يوشۇرۇن ئايلىنىپ، قورال بۇلاشقا تەييارلىق كۆرۈپ پۇرسەت كۈتتى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سۈي لىگۈىلىڭ لۇيۇڭشۇڭغا:

- سەن بۈگۈن ئەدىن بولمىسۇن 3 چاقلىق موتسىكلىتتىن بىرنى تېپىپ تەييار قىلغىن،- دېدى.

لۇ يۇڭشۇڭ 3 چاقلىق موتسىكلىتتىن بىرنى تېپىپ كەلدى. ئۇلار موتسىكلىتقا ئولتۇرۇپ ئاقسۇ شەھىرىنى ئايلىنىپ، قورۇلۇشتا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر كېسىدىغان قايچا، ساقچىخانىنىڭ قۇلۇپلىرىغا ئوخشاش چوڭ قۇلۇپتىن سېتىۋالدى. ئۇلار ھەممە تەييارلىقنى پۈتتۈردى. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچە سائەت 3 تە ئۇلار ئۈچەيلەن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تىمىسقىلاپ ئاستا - ئاستا ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار ئەتراپنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن لۇ يۇڭشۇڭنى تاشقىرىدا كۆزەتچىلىك قىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، سۈي لىگۈىلىڭ بىلەن سو جىنخۇلڭ تامدىن ئارتىلىپ ساقچىخانا ھويلىسىغا چۈشتى، سۈي لىگۈىلىڭ ئۇدۇل قورال بار ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىدىكى تۆمۈر كېسىدىغان قايچىنەك كوچىدە ئىشكىنى ئېچىپ ئىشخانىغا كىردى. ئۇ بىخەتەر ئىشكاپقا سېلىنغان قۇلۇپنىمۇ قايچا بىلەن كېسىپ ئىشكاپنى ئېچىپ، ئىچىدىن قورالنى ئېلىۋېلىپ، ئىشكاپقا يەنە ئۆزلىرى سېتىۋالغان قۇلۇپنى سېلىپ قويدى. ئۇلار يەنە مالىيە ئىشخانىسىغا كىرىپ 6000 يۈەندىن ئوشۇق نەق پۇلنى ئوغرىلىدى. ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندىن كېيىن، ئاستا ساقچىخانىدىن چىقىپ تەييارلاپ قويغان 3 چاقلىق موتسىكلىتنى مىنىپ ئاقسۇ شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.



## 5

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە سۈي لىگۈىلىڭ، سو جىنخۇلڭ، لۇ يۇڭشۇڭ ئۈچەيلەن ئاقسۇ شەھىرىدىكى يىڭدۇ مېھمانخانىسىدا ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار ئۈچەيلەن ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلاپ قويغان ساختا نىقابنى - ئوغرىلىغان ساقچى كىيىملىرىنى كىيىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى نىقابلاپ بولغاندىن كېيىن سۈي لىگۈىلىڭ:

- بىزنىڭ ئىشىمىزنى باشقىلار سېزىپ قالغىچە بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى، بولمىسا ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىمىز،- دېدى.

ئۇلار سۈي لىگۈىلىڭنىڭ پىلانى بويىچە سائەت 9 دا مېھمانخانىدىن چىقىپ ماشىنا كىرا قىلىش ئۈچۈن يول بويىدا تۇرۇشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سانتانا 2000 تىپلىق قىزىل رەڭلىك پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇلار قول ئىشارىتى قىلىپ چاقىرىشتى. شوپۇر لۇ×× پىكاپنى ئايلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ماشىنا كىرا قىلامسىلەر، نەگە بارىسىلەر؟- دەپ سورىدى. سۈي لىگۈىلىڭ:

- بىز كورلىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى بارماقچى، ئاپىرىپ ئەكەلگەن بولساڭ،- دېدى.

لۇ×× كورلىغا بېرىپ كېلىشكە ماقۇل بولۇپ باھا قويدى. ئۇلار كۆپ تالاشمايلا لۇ×× نىڭ قويغان باھاسىغا ماقۇل بولدى. لۇ×× ئۇلارنىڭ ساقچى كىيىمى كىيگەنلىكىگە قاراپ خاتىرجەم ھالدا كورلىغا قاراپ يولغا چىقتى. كورلا شەھىرىگە كىرىشكە 40 كىلومېتىر قالغاندا سۈي لىگۈىلىڭ شوپۇر لۇ×× كە:

- ماشىنىنى توختات، ھاجەت قىلىۋالايلى،- دېدى. لۇ×× پىكاپنى توختاتتى. سۈي لىگۈىلىڭ:

- سو جىنخۇلڭ، سەن شوپۇرنىڭ قولىغا كويزا سالغىن،- دەپ بۇيرۇدى. لۇ××:

- سىلەر نېمىگە ئاساسەن قولۇمغا كويزا سالىسىلەر، سىلەر نېمە ئادەملەر، نېمە قىلماقچى،- دەپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

سۈي لىگۈىلىڭ سومكىدىن قورالنى چىقىرىپ، قورالغا ئوق سېلىپ، بىر پاي ئوق بىلەن گۇناھسىز شوپۇرنى ئېتىۋەتتى. سو جىنخۇلڭ پىكاپنى ھەيدىدى. 1 كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن لۇ×× تىن

چىققان قان پىكاپتىكى ئەدىيالنى بويىغۇەتكەندىن كېيىن لۇ ×× نىڭ يېنىدىكى نەق پۇل، چاقىرغۇ ئاپپاراتى، يانفونلىرىنى ئېلىۋېلىپ، جەسەتنى ئەدىيالغا ئوراپ، رەسمىيەتلىرى بىلەن بىرگە يول بويىدىكى قۇملۇققا كۆمۈۋەتتى-دە، خاتىرجەم كورلا شەھىرىگە كىرىپ تاماق يېدى، پىكاپقا ماي قاچىلاپ بىر گاللون ئاپتول سېتىۋېلىپ يەنە يولغا چىقتى. ئۇلار 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېچىدە توقسۇن ناھىيىسىگە كېلىپ قوندى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئۇلار يەنە يولغا چىقتى. ئۇلار توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، شىمالغا قايرىلىدىغان 3 ئاچا يولغا كەلگەندە يەر شارائىتى بىلەن تونۇش بولماسلىق، تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمىگەنلىكتىن پىكاپنىڭ رولىنى باشقۇرالماي ئۆرۈۋەتتى. پىكاپ تامامەن كاردىن چىقتى، لېكىن ئۇلار ئامان قالدى. ئۇلار پىكاپنى تاشلىۋېتىپ ئاپتوبۇس توسۇپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

6

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سائەت 10 دا، سۈي لىڭخېڭ، سۇ جىنخۇڭ، لۇ يۇڭشۇڭ ئۈچىسى تۇرپان شەھەرلىك پاترون ئەترىتى تۆت كوچا قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كىرا ئاپتوموبىللىرى بېكىتىدە پەيدا بولدى. ئۇلار ئاپتوموبىل كىرا قىلىشقا ئالدىراش تۇتۇش قىلدى. بۇ چاغدا تۇرپان شەھەرلىك پاترون ئەترىتى تۆت كوچا قاراۋۇلخانىسىنىڭ ساقچىلىرى چارلاشقا چىقىپ كېتىپ، قاراۋۇلخانىدا جاڭ گومىڭ نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. جاڭ گومىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ 3 نەپەر ساقچى كىيىمى كىيگەن ئادەمنىڭ بىر كىرا ئاپتوموبىل شوپۇرى بىلە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ ئادەملەر قايتىپ كەپتىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ ئۇلارغا دىققەت بىلەن قارىدى. ئۇلاردىن ئىككىسى ساقچى فورمىسى، بىرى ئەسكەرلەرنىڭ ئالابالداق كىيىمى كىيىۋالغان ئىدى. جاڭ گومىڭ ئۇلارنىڭ ناتونۇش ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەقى - تۇرقى، كىيىنىشىنىڭ غەلىتىلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىگە دىققەت قىلدى. ئۇلار قۇمۇلغا ئادەتتىكى كىرا قىلغۇچىلاردىن يۇقىرى باھا قويۇپ سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھا قويۇشى جاڭ گومىڭنىڭ يەنە بىر نۆۋەت دىققىتىنى تارتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۈچ ناتونۇش «ساقچى» بىلەن سۆزلەشكەن شوپۇر ت ×× جاڭ گومىڭنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئاۋۇ ئۈچ ساقچى ماشىنىنى قۇمۇلغا كىرا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، - دېدى.

- نەچچىگە كىرا قىلىدىكەن!

- 900 يۈەنگە كېلىشتىم.

تۇرپاندىن قۇمۇلغا 900 يۈەنگە كىرا قىلىش تولىمۇ يۇقىرى باھا ئىدى. بۇ باھا جاڭ گومىڭنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. چۈنكى تۇرپاندىن قۇمۇلغا ماڭىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەققىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ جاڭ گومىڭ ت ×× كە:

- بېرىپ ئۇلارغا ئېيتقىن، رەسمىيەت بېجىرىپ ماڭسۇن، - دېدى. - ت ×× ئۇلار ئۈچىسىنىڭ ئالدىغا كەتتى.

تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن كىرا ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى بۇلاش دېلولىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۇرپاندىكى كىرا ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كىرا ئاپتوموبىللىرى تۇرپاندىن سىرتقا كىراغا ماڭسا كىرا قىلغۇچى تىزىملىتىپ مېڭىش تۈزۈمىنى ئورناتقان ئىدى. تۇرپاندىكى كىرا ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرىمۇ بۇ تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. شۇڭا ت ×× ئۇلار ئۈچىسىنىڭ ئاپتوموبىلنى كىرا قىلماقچى بولغانلىقىنى جاڭ گومىڭغا دوكلات قىلغان ئىدى. ت ×× ئۇلار ئۈچىسىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، جاڭ گومىڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. جاڭ گومىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىغا قاراپ چىقىپ:

- سىلەر نەدىن كەلدىڭلار، نەگە بارماقچى؟ - دەپ سورىدى. سۈي لىڭخېڭ:

- بىز ئاقسۇ ج خ ئىدارىسىدىن، قۇمۇلغا بارماقچى، - دېدى.

- ئاقسۇ ج خ ئىدارىسىدىن بولساڭلار خىزمەت كىنىشكىسى، تونۇشتۇرۇشۇڭلار بارمۇ؟

- يوق، بىز ئالدىراشچىلىقتا ئېلىۋالماپتىمىز.

بۇ جاۋاب جاڭ گومىڭنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانىنى ئاساسقا ئىگە قىلدى. چۈنكى، جاڭ گومىڭنىڭ ئالدىدىكى بۇ ئۈچ «ساقچى» نىڭ كىيىنىشى تولىمۇ غەلىتە ئىدى، ئۇلار ئۇچىسىغا ساقچى كىيىمى كىيىشكەن بىلەن ئىچ كىيىملىرى يۇقىراچە ئىدى. گالستۇك تاقىمىغان، يالاڭباش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇ تۇرپاندىن سوغۇق تۇرسا، ئۇلارنىڭ كىيىنىۋالغىنى يازلىق كىيىم ئىدى. شۇڭا جاڭ گومىڭ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ساقچى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ:



ـ بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزنى كۆرگەن بولساڭلار، كىم ئاپتوموبىلنى سىرتتا كىرا قىلماقچى بولسا تېزلىتىپ ماڭىدۇ، بىز رۇخسەت قىلمىساق ئاپتوموبىللار ماڭمايدۇ، رەسمىيەت بېجىرىۋېتىڭلار.ـ دەپ ئۇلارنى قاراۋۇلخانىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. جاڭ گومىڭ ئۇلارغا ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ:

ـ سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ نەگە بارماقچى؟ـ دەپ قايتا سورىدى. سۈي لىگېڭ:

ـ بىز ئاقسۇ ج خ ئىدارىسىدىن، قومۇلغا ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتىگىلى بارىمىز.ـ دېدى.

ـ خىزمەت كىنىشكىسى، تونۇشتۇرۇشنامىلارنى چىقارساڭلار، كۆرۈپ باقاي.

ـ يوق، بىز ئالدىراشچىلىقتا ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز.

ـ ئۇنداق بولسا كىملىكىڭلارغۇ باردۇ؟

ـ سۈي لىگېڭ يېنىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى چىقىرىپ بەردى. جاڭ گومىڭ ئۇنىڭ كىملىكىنى قولىغا ئالدى. سۈي لىگېڭنىڭ كىملىك گۇۋاھنامىسى 90 ـ يىلىنىڭ كىملىكى ئىدى. جاڭ گومىڭنىڭ ئۆتكۈر كۆزى كىملىكنى بىر كۆرۈپلا سۈي لىگېڭنىڭ سۈرىتىگە تاقاقالغان پاگوندىكى بەلگىنىڭ ج خ ساھەسىدە 10 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغاندىلا ئالىدىغان ئۇنۋاننىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپ: 90 ـ يىلى ئالغان كىملىك بىلەن خىزمەتكە قاتنىشىپ، بۇ ئۇنۋاننى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۆستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇپتۇ.دە، ھەم ئۇنىڭ كىملىكى ئاقسۇنىڭ كىملىكى ئەمەس، دەپ ئويلىدى. شۇڭا جاڭ گومىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا سەل قارىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر بۇ ۋەزىپىنى شەرتسىز ئادا قىلىشقا بەل باغلاپ:

ـ سىلەر ئاقسۇ ج خ ئىدارىسىنىڭ ئادىمى بولساڭلار، سىلەر ئىدارە باشلىقى بىلەن سىياسىي كومىسسارنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىلەر، بىلسەڭلار مەن ئۇلار بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ كۆرەي.ـ دېدى.

سۈي لىگېڭ دۇدۇقلاپ ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كومىسسارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. شۇ چاغدا لو يۈڭشۇڭ جاڭ گومىڭنىڭ سۈي لىگېڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

ـ مەن ھاجەت قىلىپ كىرەي.ـ دەپ ئىشىكتىن چىقىپلا قېچىشقا تەمشەلدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان شوپۇرلاردىن بىرى كىرىپ:

ـ ئۇلارنىڭ بىر ھەمراھى قاچماقچى بولۇۋاتىدۇ.ـ دېدى.

جاڭ گومىڭ تېزلىكتە چىقىپ لو يۈڭشۇڭنى تۇتۇپ كىردى. جاڭ گومىڭ ئۆزىنىڭ ئىشخانىدا يالغۇز ئىكەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن:

ـ سىلەر قاچىمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار، سىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنقىلاپ بولغىچە ئىشخانىدىن چىقىشقا ئۇرۇنساڭلار، كۆردۈڭلارمۇ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئۆيغۇر شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دوستلىرىم، بىر ۋارقىرىسام سىلەرنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىدۇ.ـ دەپ ئىشىكتە قاراپ تۇرغان 7 ـ 8 ئۆيغۇر شوپۇرنى كۆرسەتتى. جاڭ گومىڭ كۆڭلىنى سەل تىندۇرۇپ:

ـ سىلەرنىڭ خىزمەتكە ئالاقىدار ھېچنەرسەڭلار يوق ئىكەن، ۋەزىپە ئۆتىگىلى چىققاندىكىن ھېچ بولمىسا قورالىڭلارغۇ باردۇ؟ـ دەپ سورىدى.

ـ قورال بار.

ـ قورالىڭلارنى چىقارساڭلار قورال ئىشلىتىش كىنىشكاڭلارنى كۆرۈپ باقاي.

ئەسلى ۋەزىپە ئۆتەشكە چىققان ج خ خادىملىرى قورالنى پەقەت يېنىدىن ئايرىماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن سۈي لىگېڭ خاتىرجەم ھالدا:

ـ قورالىمىز بىز كىرا قىلماقچى بولغان ئاپتوموبىلدىكى سومكىدا.ـ دېدى.

بۇ جاۋاب جاڭ گومىڭنىڭ ئۇلارنىڭ يالغان ساقچى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشىگە ھەقىقىي ئىسپات بولدى. جاڭ گومىڭ ئۇلارنىڭ يالغان ساقچى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇلاردىكى قورالنىڭ كېلىش مەنبەسىنىمۇ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى؛ شۇڭا ئۇ، ئۇ قوراللارنىڭ يەنە يالغان ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆزى چىقىپ، ماشىنىدىن سومكىنى ئېلىپ كىرىپ، ئۇلار يان قورال ئېلىپ ماڭغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سومكىدىكى «56 تىپلىق» 2 تال ئاپتومات، 2 دېسكا ئوقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. جاڭ گومىڭ 2 دېسكا ئوقنى دەرھال ئۈستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ، تارتمىنى قۇلۇپلىۋېتىپ، ئاپتوماتلارنى تەكشۈرۈپ بىرىدىن يەنە بىر تال ئوقنى چىقاردى.

جاڭ گومىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە سومكىنى ئاختۇرۇپ، سومكىدىن بىر قان يۇقى لۆڭگىنى تاپتى. ئۇ قان يۇقى لۆڭگىنى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ تەمترىمىدى. ئۇ تەمترىسە ئىشنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۆزىنى سەگەك تۇتتى. ئۇ: بۇلار ئاپتومات ئېلىپ يۈرگىنىگە قارىغاندا يېنىدا يەنە يان قورالى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى قانداق ئۇسۇلدا كونترول قىلىش ھەققىدە باش قاتۇردى. شۇ چاغدا جاڭ گومىڭنىڭ خىزمەتدىشى جاڭ خەي چارلاشنى تۈگىتىپ قاراۋۇلخانىغا كىرىپ كەلدى. جاڭ گومىڭ جاڭ خەيگە ئەھۋالنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ:

ـ سەن تېزدىن بىزنىڭ ئەترەت باشلىقىمىز جىن تېرۋاڭ، ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ شۇدۇڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىل.ـ دەپ بۇيرۇدى.

تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ شۇدۇڭ، پاترول ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاڭ تېرۋاڭلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال قاراۋۇلخانىغا يېتىپ كەلدى ھەم يالغان ساقچىلارنىڭ يېنىنى ئاختۇردى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن قورال چىقمىدى. سىياسىي كومىسسار ۋاڭ شۇدۇڭ:

ـ بۇلارنى دەرھال پاترول ئەترىتىگە ئېلىپ بېرىپ سوراق قىلىڭلار.ـ دېدى.

ئۇلار ئۈچىسىنى تۇرپان شەھەرلىك پاترول ئەترىتىگە ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر چاقىرغۇ ئاپپاراتى، 139 تىپلىق يانفون، 5000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل چىقتى. ئۇلار چاقىرغۇ، يانفونلارنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بېرەلمەي، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ يېنىدىن بۇلاپ ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

سوراق قىلىش ئارقىلىق سۈي لىگېڭ، سۇ جىنخۇاڭ، لو يۈڭشۇڭلار بىرلىشىپ گەنسۇغا بېرىپ 5 ئادەمنى، نىڭشياغا بېرىپ 2 ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قورال بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى.

سەگەكلىك، باتۇرلۇق بىلەن بۇ قەبىھ جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن جاڭ گومىڭنى «2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئېلىش قارار قىلىنىپ يۇقىرىغا يوللاندى.

بۇ جىنايەت گۇماندارلىرى 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئۇلار قىلغان شۇملۇقلىرى بەدىلىگە قانۇننىڭ جازاسىنى كۈتمەكتە.





جاۋشياۋ مېڭ

ئەر - خوتۇن توي قىلغاندا ئاتا - ئانىسى باش بولغان، نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇشنى سوت ئەمەلدارى بېجىرگەن. ئۇ خوتۇننى «قويۇپ بېرىپ»، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتا توي قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن قىلچە خەۋەرسىز قالغان ئەسلىدىكى خوتۇنى يەنىلا قېينانىسىنىڭ ئۆيىدە پاي - پېتەك بولۇپ يۈرۈۋەرگەن. «قوش نىكاھلىق» بولۇپ قېلىش ۋەقەسى سادىر بولغاندىن كېيىن، دېلونى بېجىرگەن سوت ئەمەلدارى سىرلىق تۈستە يوقاپ كەتكەن؛ سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش قارارى كىشىنى قايىل قىلالمىغان.

بۇ بىر غەلىتە ھېكايە، بۇ ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئىش. نىكاھتىن ئاجراشقاندا ئەر - خوتۇننىڭ نەق مەيداندا بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، ئەمما خوتۇن نەق مەيداندا بولمىغان ئەھۋالدا ئەر ئۇنى ئۆزىلا «قويۇۋېتكەن». ئىشنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ دېلونى بېجىرگەن سوت ئەمەلدارى باش جىنايەتچى بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما كىشىلەر ئىختىيارسىز لا: سوت كوللېگىيەسىنىڭ بىر باشلىقى بولغان ئادەم مۇشۇنچىلىك ئەقلىي قانۇن ساۋاتىنىمۇ بىلمەمدىغاندۇ؟ دەپ سورىماي قالمايدۇ. ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بۇ سوت ئەمەلدارى سىرلىق تۈستە يوقاپ كەتكەن. سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قارارىدا: «خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، خاتا دېلونىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان» دېيىلگەن. بۇ زادى قانداق گەپ؟

### *ئايال تولىمۇ ھەيران قالغان: «ئېرىم مەن بىلەن ئاجراشقان بولسا، مەن نېمىشقا بىلمەيمەن؟!»*

ئاۋادا كەنتىدە سايلام يىغىنى ئۆتكۈزۈلمىگەن بولسا، لىن شيايىڭ بەلكىم تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئالىلىقاچان «قويۇپ بېرىلگەن» لىكنى بىلمەي يۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ 1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولۇپ، لىن شيايىڭ ئولتۇرۇشلۇق سىچۈەن ئۆلكىسى شىفاڭ شەھىرى نەنجۈەن بازىرىغا قاراشلىق گۇيخۇاسۇن كەنتىدە سايلام يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى زېڭ شياڭفا سايلىغۇچىلارنى تىزىملاۋاتقاندا، لىن شيايىڭدىن:

- سىز ياڭ پىڭيى بىلەن ئالىلىقاچان نىكاھتىن ئاجراشقان، نېمىشقا يەنە نوپۇسۇڭلار بىللە؟ - دەپ سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ لىن شيايىڭ دەسلەپتە شۇجى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ:

- بىز ئاجراشمىدۇق، چاقچاق قىلماڭ! - دېدى. زېڭ شياڭفا ئۇنىڭ ئېرى ياڭ پىڭيىنىڭ ئىككى يىل ئاۋۋال كەنت كومىتېتىغا نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىنى كۆتۈرۈپ، قايتا ئۆيلىنىش ئۈچۈن تونۇشتۇرۇش خېتى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. لىن شيايىڭ يەنىلا ئىشەنمىدى. شۇجى ئەينى چاغدا ياڭ پىڭيىغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرگەن بوغالتىر خۇاڭ شىرۇڭنى تېپىپ كېلىپ گۇۋاھلىققا تارتتى. خۇاڭ شىرۇڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەسكە ئېلىپ مۇنداق دېدى:

- شۇنداق ئىش بولغان. 1995 - يىلى 9 - ئاي بولسا كېرەك، ياڭ پىڭيى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلىق ھەققىدە ئىسپات يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، قايتا ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ئۇ 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ راستىنلا سىز بىلەن ئاجراشقانلىقىنى، قايتا ئۆيلىنىش سالاھىيىتى بارلىقىنى دەلىللىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ «نىكاھتىن ئاجراشقان» لىقى ھەققىدە ئىسپات يېزىپ بەردىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لىن شيايىڭ تېترەپ كەتتى - دە:

- ئېرىم مەن بىلەن ئاجراشقان بولسا، مەن نېمىشقا بىلمەيمەن؟! - دېدى.

ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغان پېتى قېينانىسىنىڭ ۋەيرانە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېرى بىر قانچە يىللاردىن بېرى شىفاڭ شەھىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنىدى. ئۇ ئۆزى بولسا ئۆيدە باللارنى بېقىپ، قېينانىسىنى كۈتۈپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن ھەلەك بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، چوشقا بېقىپ، قېينانىسىنىڭ قېشىدا پاي - پېتەك بولۇپ يۈرگەنىدى.



ئېرىنىڭ ئۆزىنى «قويۇپ بەرگەن» لىكىنى بىلمەي، بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي يۈرۈۋەرگەنىدى. ئۇنىڭدا ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، شۇجى قاتارلىقلار ئازغىنىشۋاتسا كېرەك. يالڭ پىڭيى ئۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلمايدۇ، ئەگەر ئىككىمىز راستىنلا نىكاھتىن ئاجراشقان بولساق، مەن نېمىشقا بىلمەيمەن؟ دېگەن خىيالمۇ بار ئىدى. چۈنكى ئۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويمىسا، نىكاھتىن ئاجرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆيدىكى بارلىق ساندۇق - پاندۇق، ئىشكاپ - پىشكاپلارنى ھەتتا بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى ئاختۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ توي قىلىش گۇۋاھنامىسىنى تاپالمىدى. ئېرى ئۇنى راستىن قويىۋەتكەنمىدۇ؟ ئۇ بىر دىنلا ماغدۇرسىزلىنىپ بوسۇغىغا يىقىلدى، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆرە بولالمىدى.

لىن شيايىڭ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئەسكە ئالدى. ئۇنىڭ يالڭ پىڭيى بىلەن بولغان توي ئىشىنى ئاتا - ئانىسى ئۇز ئالدىغا بېجىرگەنىدى. توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا غىڭ - تۇڭ قىلىنمىدى، ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك سوقۇشۇپ تۇردى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، لىن شيايىڭ ئېرىم ئىككىمىزنىڭ گەپ تالىشىپ قېلىشلىرى تۈپەيلى نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ھالغا بېرىپ قالماس، دەپ ئويلىغانىدى. شۇنداقلا «كىمگە تەگسەڭ، شۇنىڭ پېشىنى تۇت» دېگەندەك، ئەنئەنىۋى ئىدىيە ئاسارىتىدە باشقا ئاياللارغا ئوخشاشلا، ئۆرۈشۈپ بولۇپ، يەنىلا تاماق ئېتىپ، بالىلىرىغا قاراپ، قېينانىسىنى كۈتۈپ يۈرۈۋەردى. 1995 - يىلى ئۇنىڭ ئېرى شىنالڭ شەھىرىگە ئىشلىگىلى كەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ شىنالڭ شەھىرىدىكى بىر سوغۇرتا شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلىقىنىلا بىلەتتى، ئەمما ئېرى ئۇنىڭغا بۇ شىركەتنىڭ زادى قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرمىگەن، ئۇ ئۆزىمۇ سورىمىغانىدى. ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي ئېرى ئۆيگە پات - پات قايتمايدىغان، 15.10 كۈندە بىر قايتىدىغان، ئەمما ئۆيدە قونمايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنچە مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىككىيلەن ھەققىدە كۇسۇرلىشىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ شەھەردە يالڭ پىڭيىنىڭ بىر ئاتونۇش خوتۇن بىلەن يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئېرى قايتىپ كەلگەندە ئۇ سورىۋىدى، يالڭ پىڭيى ئۇ ئايال مەن بىلەن بىللە ئاشخانا ئېچىۋاتقان دېدى. لىن شيايىڭ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. يېقىنقى بىر ئىككى يىلدىن كېيىن قېينانىسىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە قارايدىغان، پات - پاتلا: «ئاجرىشىپ، باشقا ئەرنىڭ پېشىنى تۇتقىنىڭىز تۈزۈك» دەيدىغان بولۇپ قالدى، لىن شيايىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ: «پىڭيى سىرتتا يۈرۈپ ئاز - تولا پۇل تاپتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈشىدۇ، قېينانا، سىلى ئۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە! دېدى. مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، لىن شيايىڭ ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان لىن شيايىڭنىڭ ئۆزىنى نومۇستىن قويىدىغان يەر تاپالماي، تامغا ئۇسسۇپلا ئۆلىۋالغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇ يەنە ۋاپاسىز ئېرىنى مۇشۇنداقلا قويىۋەتسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەمما لىن شيايىڭ كۆڭلىدىكى غەزەپ - نەپرىتىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، يالڭ پىڭيىنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. مۇشۇ جەرياندا، ئۇ باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بازارلىق ئاياللار بىرلەشمىسىگە، بازارلىق ھۆكۈمەتكە، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى، بىراق ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. 1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا لىن شيايىڭنىڭ ئاتىسى لىن دېجۈەن باخشى گەپ قىلىپ، نەۋرىسى يالڭ يىنى ئالداپ، ئۆزىنى شىنالڭ شەھىرىگە باشلاپ بېرىشقا كۆندۈردى. ئۇلار مىڭ بىر جاپادا يالڭ پىڭيىنى ۋە ئۇنىڭ يېڭى خوتۇنىنىڭ ئۆيىنى تاپتى. لىن ئائىلىسىدىكىلەرنى يالڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەننىڭ مۇشۇ چاققىچە ئالداپ كەلگەنلىكى تولىمۇ لەرزىگە كەلتۈردى، يالڭ پىڭيى نىكاھتىن ئاجرىشىپ قايتا توي قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى شەھەرگە بېرىپ تويغا، زىياپەتكە قاتناشقان. لىن شيايىڭنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ ئاغزىمۇ ئاتىسى ۋە بوۋا مومىسىنىڭ پۇلى بىلەن ئېتىلىپ قالغان، شۇڭا ئۇ ھەقىقىي ئىشنى يوشۇرغان. لىن بوۋاي يالڭ پىڭيىدىن غەزەپ بىلەن سورىدى:

- مېنىڭ قىزىم بارمىغان تۇرسا، سەن نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىنى قانداق ئالدىڭ؟

يالڭ پىڭيى كۆرەڭلىگەن ھالدا:

- پۇل بولسا، مۇناسىۋەتمۇ، ئامالمۇ بولىدۇ! - دېدى.

لىن ئائىلىسىدىكىلەر زادىلا ئۇلتۇرالماي قالدى، ئۇلار لىن شيايىڭغا ھەر تەرەپتىن ئامال، ئەقىل كۆرسەتتى. ھېچقانداق چىدىغۇچىلىكى قالمىغان لىن شيايىڭ 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاپاسىز ئېرى يالڭ پىڭيى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلدى. ۋاھالەنكى، لىن شيايىڭ زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدىكى، ئاشۇ سەل سارغىيىپ كەتكەن «نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىشىمى» ئۈستىدە ئۇنىڭ قويغان ئىمزاسى ۋە باسقان قول ئىزى بار ئىدى.

## ئالەمدىكى غەلىتە خەۋەر: سوت ئەمەلدارىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى «ئۆز ئالدىغا بېجىرىشى»

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تامامەن ئىلاجسىز قالغان لىن شيايىڭ شىنالڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىگە كەلدى، ئۇنى خۇالڭ فامىلىلىك بىر سوت ئەمەلدارى قوبۇل قىلدى. لىن شيايىڭ كېلىش مەقسىتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سوت ئەمەلدارى خۇالڭ لىن شيايىڭغا بىر نەچچە خەت يازدۇردى. ئاندىن يالڭ پىڭيىنىڭ «نىكاھتىن ئاجرىشىش» ئارخىپىنى تېپىپ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇۋىدى، «لىن شيايىڭ» دېگەن خەتنىڭ يېزىقلىرى تامامەن ئوخشاش ئەمەس بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىن شيايىڭ چۈچۈگەن ھالدا بايقىدىكى، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ نامىدا قويغان ۋە باسقان قولىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ «ۋاكالەتچىسى» دېگەن ئورۇنغا ۋالڭ سىڭفېن دەپ يېزىلغانىدى.

سوت ئەمەلدارى خۇالڭ دەرھال ئەينى چاغدا مۇشۇ دېلونى بېجىرگەن سابىق يەر، ئۆي مۇلۇك سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى لى چاڭدېنى تېپىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى. لېي چاڭدې يالڭ پىڭيىنىڭ «نىكاھتىن ئاجرىشىش» دېلوسىنى بېجىرگەندە ئەر - ئايال نەق مەيداندا بار ئىدى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئاشۇ لىن شيايىڭنىڭ نامىدا قول قويغان، قول باسقان ئادەم زادى كىم؟



بۇ سىر 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن يېشىلدى. شۇ كۈنى، شىفالىڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇڭ شاۋخۇا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان خەۋەرنى ئاشكارىلىدى. 3 يىلنىڭ ئالدىدا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي ھۆججەتلەرگە لىن شيايىڭنىڭ نامىدا قول قويغان، قول باسقان كىشى ئەينى چاغدا مۇشۇ دېلونى بېجىرگەن سوت ئەمەلدارى لى چاڭدې ئىدى.

تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ياڭ پىڭيى شىفالىڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، لىن شيايىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بۇ دېلو سابىق يەر، ئۆي مۈلۈك سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى لى چاڭدېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. لىي چاڭدې بۇ دېلونى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ياڭ پىڭيىغا دېلونى بېجىرىشكە قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزگەن، ئەمما جاۋابكار لىن شيايىڭغا شىكايەتنامىسىنىڭ قوشۇمچىسى ۋە سوتقا چاقىرتىش ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزۈشتە، ئۆزى «يەتكۈزۈلگەنلىك توغرىسىدىكى ھۆججەت»كە لىن شيايىڭغا ۋاكالىتەن قول قويغان.» دېلو تۇرغۇزۇلۇپ بېجىرگەن كۈنى، جاۋابكار نەق مەيدانغا كېلىپ ئۆزىنى ئاقلىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، لى چاڭدې تەرتىپ بويىچە دېلونى بېجىرىشنى باشلىغان. سوت داۋامىدا، لى چاڭدې تەرتىپ بويىچە، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ سالاھىيىتى، توي قىلىش گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرمەيلا مۇرەسسەنى باشلىغان ھەمدە «نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىشىمى»نى شەكىللەندۈرگەن. مۇرەسسە ھۆججىتى تەييارلانغاندىن كېيىن، بىۋاسىتە جاۋابكار لىن شيايىڭغا يەتكۈزۈلمىگەن، بەلكى يەنىلا لى چاڭدې «يەتكۈزۈلگەنلىك توغرىسىدىكى ھۆججەت»كە «ۋەكالىتەن» لىن شيايىڭنىڭ ئىمزاسىنى قويغان، ئاندىن مۇرەسسە ھۆججىتىنى ئەرز قىلغۇچى ياڭ پىڭيىغا تاپشۇرۇپ، لىن شيايىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتقان. لىن شيايىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر بۇ ھۆججەتنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، بۇ بىر غەلىتە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى سوت ئەمەلدارى لى چاڭدې ئۆز ئالدىغا «بىر قوللۇق بېجىرگەن».

ئۇقۇشمىزچە، لىن شيايىڭ شىفالىڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، ئەپېتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغاندىن كېيىن، شىفالىڭ شەھەرلىك ئەپېتىش مەھكىمىسى دەرھاللا بۇ دېلوغا ئائىت ئارخىپنى سوت مەھكىمىسىدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئىشنى لى چاڭدې ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھاللا سوت مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي ـ ئىنتىزام تەكشۈرۈش بۆلۈمىچىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى دوكلات قىلغان، ئۆزىنىڭ ياڭ پىڭيىنىڭ «نىكاھتىن ئاجرىشىش» دېلوسىنى بېجىرىشتە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە سەل قارىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خەن جيەنپىڭ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شىفالىڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى ئالدى بىلەن لى چاڭدېنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، دېگەن. ئۇ يەنە: ئېلىمىزنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، بەزى دېلولار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشتا، ھەقدارنىڭ ئۆزى نەق مەيداندا ھازىر بولۇشى كېرەك، ۋاكالەتچىگە ھاۋالە قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، شىفالىڭ شەھەرلىك 14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چاقىرىلغان 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا لى چاڭدېنىڭ مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭ شىفالىڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغان.

بىر تەرەپ قىلىش قارارنامىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «يولداش لى چاڭدې ياڭ پىڭيىنىڭ لىن شيايىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلماستىن، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، خاتا دېلونىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ... ئەمما ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. لى چاڭدېنىڭ خاتالىقىغا قارىتا توغرا پوزىتسىيەدە بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىفالىڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى مۇزاكىرە قىلىپ ھەم دېيالىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن لى چاڭدېنىڭ مەمۇرىي چوڭ گۇناھ يېزىش قارار قىلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، لى چاڭدې بۇ قارارنامىگە مۇنداق دەپ قول قويغان: «بۇ دېلو مېنىڭ جاۋابكارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشتە قاتتىق بولمىغانلىقىمدىن كېلىپ چىققان، مەن تەشكىلنىڭ كۆپ يىللىق تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكىنى يەردە قويدۇم. تەشكىلنىڭ بەرگەن جازاسىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن.»

بۇ خەۋەر گېزىتكە بېسىلغاندىن كېيىن، دەرھاللا ئامما ئارىسىدا زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. قانۇن ساھەسىدىكى بەزى ئەربابلار شىفالىڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ لى چاڭدېنىڭ قىلمىشىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشى مۇۋاپىق بولمىغان، دەپ قارىدى. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچى، نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئەرزنىڭ قوشۇمچىسىغا ۋە سوتقا چاقىرىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھۆججىتىگە قول قويغۇچى لىن شيايىڭلا بولۇشى كېرەك؛ مۇرەسسەنامىنى يەتكۈزۈش ئېخمۇ قانۇن بويىچە قاتتىق بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىش بولۇپ، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ھۆججىتىگىمۇ قول قويغۇچى پەقەتلا لىن شيايىڭ بولۇشى كېرەك، بۇ ئاساسلىق قانۇنىي تەرتىپ، بىراق ھەر ئىككى قېتىمدىلا سوت ئەمەلدارى ۋاكالىتەن قول قويغان. ئىككىنچى، سوت داۋامىدا، سوت ئەمەلدارى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ سالاھىيىتىنى، توي قىلىش گۇۋاھنامىسىنى جەزمەن تەكشۈرۈشى كېرەك، مۇرەسسە قىلىش جەزمەن ھەقدارلار نەق مەيداندا ھازىر بولغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ دېلونى جاۋابكار لىن شيايىڭ سوتقا چاقىرتىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان، ئۆزى سوتقا كەلمىگەن تۇرسا، قانداقمۇ مۇرەسسە قىلغىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ مۇرەسسەنامىنى شەكىللەندۈرگىلى بولسۇن؟ يۇقىرىقى ئىككى نۇقتىدا ئەڭ ئاساسلىق قانۇنىي ساۋاتقا، تەرتىپكە خىلاپلىق قىلىنغان بولۇپ، بۇنى ھەرگىزمۇ «بىپەرۋالىق قىلىش» دېگەن سۆز بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

بىر تەرەپ قىلىش قارارىدىكى «ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارمىغان» دېگەن گەپكە كەلسەك، قانۇن خىزمەتچىلىرى



مۇنداق قارىدى: سوت ئەمەلدارى لى چاڭدېنىڭ قىلمىشى ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. لى چاڭدېنىڭ ياڭ پىڭيىغا «قانۇنلۇق» نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى بېرىشى بىۋاستە ھالدا ياڭ پىڭيىنىڭ قوش نىكاھلىق بولۇشىنى پەيدا قىلغان؛ سوت ئەمەلدارى لى چاڭدې ھەقدار لىن شيايىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا ياڭ پىڭيى بىلەن لىن شيايىڭنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرغان، بۇ ئارقىلىق لىن شيايىڭدا روھىي جاراھەت پەيدا قىلغان؛ سوت ئەمەلدارى ئىككى قېتىم لىن شيايىڭنىڭ نامىدا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە قول قويۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ، خەلقنىڭ سوت ئەمەلدارىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لىن شيايىڭ تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ ئاياللار مۇدىرى يەن شيەنيې: «دېلو بېجىرگۈچى سوت ئەمەلدارى يۇقىرىقى مۇشۇنداق كولدۇرلاتقان بارمۇ؟!» دېگەن.

سوت ئەمەلدارى لى چاڭدې قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق ئەلۋەتتە ئىش قىلغان ھەمدە ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن پەقەت «ئىچكى قىسىمدا چوڭ گۇناھ بېرىش» بىلەنلا ئىش تاماملىنىدۇ؟ ئۇنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەكمۇ - يوق؟ لى چاڭدېغا جازا بېرىش قارارىنى چاكارلىغان شىفاڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جوڭ شاۋخۇا مۇنداق دېدى: سوت مەھكىمىسى لى چاڭدېغا پەقەت ئىچكى قىسىمدا مەمۇرىي جەھەتتىنلا چارە كۆرەلەيدۇ. شىفاڭ شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلىپ، لى چاڭدېنىڭ قىلمىشى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى، شۇڭا بارلىق ئارخىپلارنى سوت مەھكىمىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. شۇڭا سوت مەھكىمىسى لى چاڭدېغا ئىچكى قىسىمدا چارە كۆردى.

شىفاڭ شەھەرلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرى بولسا: «بۇ ئىش توغرىسىدا تەپتىش تارماقلىرى بىلەن سوت مەھكىمىسى بۇرۇنلا ھۆكۈم چىقارغان، بىر تەرەپ قىلىش قارارىدا، ئۇنىڭ خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغانلىقى ئېنىق يېزىلدى، مانا مەسىلىنىڭ بېكىتىلگەن خاراكتېرى» دېدى. لى چاڭدېنىڭ جاۋابكار ئورنىدا قانۇنىي ھۆججەتلەرگە قول قويغانلىقى ۋە قول باسقانلىقى توغرىسىدا، بۇ رەھبەر پەقەت بۇ ئىش لى چاڭدېنىڭ «كاللىسىدا چاتاق بار، لىنفىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» دېدى.

## ياڭ پىڭيىنىڭ نىكاھتىن زادى قانداق ئاجراشقانلىقى تابۇگۇنگىچە يەنىلا بىر سىر

مۇخبىر كۆپ قېتىم بۇ ئىشنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ھەقدارلارنىڭ بىرى بولغان سوت ئەمەلدارى لى چاڭدې ئۆزىنى زادىلا كۆرسەتمىدى. مۇخبىر سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، بىر خىزمەتچى خادىم مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: سوت مەھكىمىسىدە بۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. سوت ئەمەلدارى لى چاڭدې دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ قانۇنىي تەرتىپىدە جەزمەن خاتا قىلمىغان، پەقەت بىر ھالقىغا سەل قارىغانمۇ؟

ھېلىقى خىزمەتچى خادىم مۇنداق دېدى: ئەگەر سوت ئەمەلدارى چاڭدې ئۆزى سۆزلەشنى خالىسا، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىڭ.

سائەت 3 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، مۇخبىر يەنە سوت مەھكىمىسىگە كەلدى، بىر نەچچە سوت ئەمەلدارى مۇخبىرغا لى چاڭدېنىڭ ئىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. راست دېگەندەك، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئەمما مۇخبىر



3 - قەۋەتكە چىققاندا لى چاڭدې كۆرۈنمىدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى مۇخبىرنى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ساقلاشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما سائەت 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندىمۇ لى چاڭدې ئۆزىنى كۆرسەتمىدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مۇخبىر سوت ئەمەلدارى لى چاڭدېنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى. لىنىڭ ئايالى: «ئۇ (لى چاڭدې) چېڭدۇغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەتكەن، قاچان قايتىپ كېلىشىنى بىلمەيمەن» دېدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، مۇخبىر يەنە بىر نۆۋەت سوت ئەمەلدارى لى چاڭدېنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، بۇ نۆۋەت ئىشىك قولۇپلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمدىلا 51 ياشقا كىرگەن لى چاڭدېنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ھېچ ئىلاج قىلالمىغان مۇخبىر ئاخىر ياڭ پىڭيىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئىشىكنى ئايال خوجايىن ئاچتى. ئۇ مۇخبىرنى قىزغىن ۋە ئەدەب بىلەن كۈتىۋالدى ھەمدە دەرھاللا ياڭ پىڭيىغا چاقىرغۇ ئارقىلىق خەۋەر قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭ پىڭيى تېلېفون قايتۇرۇپ، مۇخبىرنىڭ ئۇزىنىڭ قاراشلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئالايتەن ئۆيىگە كەلگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە: «مەن ئۆيگە قايتالمايمەن، سوئاللىرىڭىز بولسا چۈشۈمدىن سورىسىڭىز بولىدۇ. ئۇ مەندىن سورىغانغا ئوخشاش» دېدى.

مۇخبىر تېلېفوندا ئۇنىڭدىن بىر نەچچە سوئال سورايدىغانلىقىنى ئېيتتۇۋىدى، ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

ياڭ پىڭيى تېلېفوندا مۇنۇلارنى دېدى: بىرىنچى، مەن ئاياللارنى ئۇرۇشقا ئەڭ قارشى تۇرىمەن؛ ئىككىنچى، مەن لىن شيايىڭ بىلەن قورداش، بىز 16 ياشقا كىرگەندە توي قىلىشىمىزنى ئاتا - ئانام بېجىرگەن، بىز كېلىشەلمىگەن؛ ئۈچىنچى، بىخەستەلىكىمدىن، ھەمدە ساقلاش زۆرۈرىيىتى بولمىغانلىقتىن، نىكاھتىن ئاجرىشىش كېلىشىمنى ئىككى ئايىنىڭ ئالدىدا يوقىتىپ قويدۇم؛ تۆتىنچى، كەنتتىكىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاجراشقانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى سورالغاندا، ياڭ پىڭيى «لىن شيايىڭ بۇ گەپنى يېيىۋەتمەڭ» دېگەن، دېدى. سوتتا بېجىرىلگەن نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى توغرىسىدا بولسا، ئۇ ھېچنەرسە ئېسىمدە يوق، دېدى.

## سوت ياڭ پىڭيىنىڭ «نىكاھتىن ئاجرىشىشى» گۇناۋەتسىز، دەپ ھۆكۈم قىلدى

لىن شيايىڭ 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەردىلا شىفاڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. بىراق، بۈگۈن ئۇ جاۋابكار سۈپىتىدە سوتقا كەلگەنىدى، سوت مەھكىمىسى «ياڭ پىڭيىنىڭ لىن شيايىڭ ئۈستىدىن قىلغان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى»نى قايتا قاراپ چىقماقچى بولدى.

سوت ئالدى بىلەن 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوت ئېچىلغاندا، لىن شيايىڭنىڭ سوت مەيدانىغا كېلىپ شىكايەت قىلىشقا قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىنى تەكشۈردى. لىن شيايىڭ ئۆزىنىڭ سوتقا كەلمىگەنلىكىنى، ئېرىنىڭ ئاجرىشىش توغرىلىق ئەرز سۇنغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ياڭ پىڭيى بولسا، لىن شيايىڭ سوتقا كەلگەن دەپ تۇرۇۋالدى. سوت تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىز بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى - دە، باش سوتچى يۇمىڭجۇن ئۇيۇزلۇق تارماقلار تەمىنلىگەن مۇھىم ئىسپاتلارنى جاكارلىدى: سىچۈەن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ياڭ پىڭيى بىلەن لىن شيايىڭنىڭ

1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سوت خاتىرىسىدە قالدۇرغان بارماق ئىزىنى تەكشۈردى. بۇ خاتىرىنىڭ «جاۋابكار» دېگەن ئورنىغا بېسىلغان بارماق ئىزى لىن شياۋلىڭنىڭ ئەمەس، شۇنداقلا دەۋاگەر ياڭ پىڭيىڭنىڭمۇ ئەمەس.

بۇنىڭغا قارىتا، ياڭ پىڭيى: ئىشقىلىپ، مەن سوتقا كەلگەن، ئۇمۇ (لىن شياۋلىڭ) كېلىپ بارماق باسقان. ھازىرقى نەتىجىنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن، دېدى.

سوت يۇقىرىقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە مۇنداق قارار قىلدى: 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دەۋاگەر ياڭ پىڭيىڭنىڭ لىن شياۋلىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنغاندا، سوت تەرتىپى بويىچە، دەۋاگەر، جاۋابكار ئەق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما جاۋابكار لىن شياۋلىڭ سوتقا كەلمىگەن. شۇڭا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەسلىدىكى كېسىمنامە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سۆزلەش يولى تېپىشقا ئالدىراپ كەتكەن لىن شياۋلىڭ «ياڭ پىڭيىڭنىڭ لىن شياۋلىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش» دېلوسى قايتا قاراپ چىقىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى چېگدۇدىكى مەلۇم ئادۋوكاتلار ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى ۋۇ ئادۋوكاتنى ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى. 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، لىن شياۋلىڭ ئېرى ياڭ پىڭيى ۋە سوت ئەمەلدارى لى جاڭدىن ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلدى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىفاڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى يەنە بىر قېتىم سوت ئېچىپ، «ياڭ پىڭيىڭنىڭ لىن شياۋلىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش» دېلوسىنى قاراپ چىقتى.

شىفاڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى ئوچۇق سوتتىن كېيىن مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: شىفاڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چىقارغان نىكاھتىن ئاجرىشىشنى مۇرەسسە قىلىش كېلىشىمنامىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ياڭ پىڭيى بىلەن لىن شياۋلىڭنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ياڭ پىڭيى قوش نىكاھلىق بولۇشتەك جىنايەت گۇماندارىغا ئايلىنىپ قالدى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىفاڭ شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ياڭ پىڭيىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شىفاڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىپ، لىن شياۋلىڭنىڭ ياڭ پىڭيىڭنىڭ قوش نىكاھلىق بولۇش جىنايىتى توغرىسىدىكى شىكايىتىگە قاراپ چىقتى، سوت باشلىنىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتتە جاۋابكار ئورنىدا تۇرغان لىن شياۋلىڭنىڭ بۇ نۆۋەت دەۋاگەر ئورنىغا ئۆتكەنلىكىنى، ئۆتكەنلەردە كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، غادىيىپ يۈرگەن ياڭ پىڭيىڭنىڭ مانا ئەمدى چاچلىرى چۇشۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇنى ساقچىلارنىڭ ساقچى ماشىنىسىدىن يالاپ چۈشۈرۈپ جاۋابكار ئورنىغا ئېلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈشتى.

لىن شياۋلىڭ ئېيىبنامىسىدە سوت مەھكىمىدىن ياڭ پىڭيىڭنىڭ ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋە قايتا نىكاھلىق بولۇشتەك قىلمىشىنىڭ قوش نىكاھلىق بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدەك جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى، ياڭ بىلەن جۇنىڭ نىكاھىنىڭ ئىناۋەتسىزلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇنداقلا سوت مەھكىمىسىدىن ياڭ پىڭيى قوش نىكاھلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى ئارتقان ئىقتىسادىي زىيان ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن، روھىي زىيان ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنىمۇ تەلەپ قىلغانىدى. سوت بىر يىلدىن ئاشقاندا، بىر باشقىنا جوكان جىمجىتلىقتا سوت مەيدانىغا كىرىپ، ئاڭلىغۇچىلار قاتارىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ جوكان مۇشۇ چاقىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن جۇشۇەن - ياڭ پىڭيىڭنىڭ ھازىرقى خوتۇنى ئىدى. ياڭ پىڭيى سوت داۋامىدا ئۆزىنىڭ لىن شياۋلىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى ھۆكۈمگە قايىل ئەمەسلىكىنى، شىفاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ياڭ پىڭيى قوش نىكاھلىقمۇ - ئەمەسمۇ، لىن شياۋلىڭ بىلەن ياڭ پىڭيىڭنىڭ نىكاھلىنىشى «ئىناۋەتسىز، چات كىرىۋېلىش بىلەن بولغان نىكاھقا تەئەللۇقمۇ - ئەمەسمۇ»، «ياڭ پىڭيى لىن شياۋلىڭ بىلەن توي قىلغاندا، نىكاھلىنىش يېشىغا توشقانمۇ يوق»، «ياڭ پىڭيى ئالدامچىلىق يولى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش مۇرەسسەنامىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان، بۇنىڭدىن لىن شياۋلىڭنىڭ راستىن تامامەن خەۋىرى يوقمۇ» دېگەندەك ھالقىلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا كەسكىن مۇنازىرە بولدى. پۈتكۈل مۇنازىرە داۋامىدا، جۇشۇەن قاپىقىنى تۈرۈپ غەمكىن ۋە ئازابلىق قىياپەتتە ئولتۇردى. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، سوت مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ياڭ پىڭيى بىلەن لىن شياۋلىڭنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مۇرەسسەنامىسىنىڭ 3 يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى، ئۆزىنىڭ ياڭ پىڭيى بىلەن قانۇن تەرتىپى بويىچە رەسمىي ئورناتقان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇ قەدەر ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. سائەت 12 دە باش سوتچى سوتنىڭ ۋاقىتىنچە توختىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە سوت داۋاملاشتى. ياڭ پىڭيى گەپنى يادرولۇق مەسىلىگە يۆتكەپ مۇنداق دېدى: «مەن قوش نىكاھلىق بولغان ئەمەس، مەن سوتنىڭ نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىش مۇرەسسەنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن قايتا نىكاھلىق بولغانمەن. ئەگەر سوتنىڭ نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىش مۇرەسسەنامىسى بولمىسا، مېنىڭ جۇشۇەن بىلەن توي قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشىم تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى...» ياڭ پىڭيىڭنىڭ ئاقلىغۇچىسى ئادۋوكات شياۋچىيەندىمۇ: «ياڭ پىڭيى قوش نىكاھلىق ھېسابلانمايدۇ، ئۇ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭ بىلەن لىن شياۋلىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىش مۇرەسسەنامىسىگە ئىگە بولۇپ، ئاندىن جۇشۇەن بىلەن توي قىلغان، ئۇ پەقەت بىر ئايال بىلەنلا قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان...» دېدى. ئۇچ يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋە روھىي زىيان ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەشكە ياڭ پىڭيى زادىلا قوشۇلمىدى.

بىر كۈنلۈك سوت داۋامىدا، ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىدە ئىختىلاپ زور بولغاچقا، سوت كوللېگىيىسى سوتنى توختىتىپ، مۇۋاپىق كۈندە داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

مۇخبىر شۇنىڭدىن كېيىن، ھازىر ئەڭ ئوسال ئەھۋالدا قالغان جۇشۇەننى زىيارەت قىلدى. ئۇ غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى: «ياڭ پىڭيى خاتا ئىش قىلغان، ئەمما سوت مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى ئۆز مەيلىچە بېسىۋېرىسە بولىدىغان نەرسىمۇ؟ سوت مەھكىمىسى ئۆز تامغىسىنى بېسىپ نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىش مۇرەسسە نامىسىنى بەرگەن، ئەمدى يەنە ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلدى. بىزنىڭ ئاشۇ مۇرەسسەنامىگە ئاساسەن بېجىرگەن قانۇنلۇق نىكاھىمىزمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قانۇنسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ، بۇ زادى قانداق ئىش؟»

كىچىككىنە بىر نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى مۇشۇ قەدەر مۇرەككەپ، زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ۋاقىت ئۆزى ئىسپاتلىغاي.

ماخمۇتجان ئىسلام (ت)

FAZHIZONGHENG



# ئۈچ ھەدە-سىڭىلنىڭ شەپقەتسىز ئەرنى تالىشىشى

تاڭ يىنشېڭ



1999-يىلى 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. 21 ياشلىق ليۇلىڭ تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا 8 كۈن بولغان قىزىنى كۆتۈرۈپ، ئازابلانغان، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا نەنچاڭ شەھىرى شەرقىي شەھەر ئەترابى قانۇن مۇلازىمەت ئورنىغا كىرىپ كەلدى.

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يېڭىدىن تويلاشقان ئېرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىك جەريانىنى بايان قىلدى. ئادۋوكاتلار تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، بۇ دېلونىڭ دۆلىتىمىزدە كەم كۆرۈلىدىغان 3 ھەدە-سىڭىلنىڭ ئەر تالىشىش دېلوسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. دېلودىكى باش پېرسوناژ ليۇلىڭ ئالدى بىلەن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، ئاندىن باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ھەممىدىن قۇرۇق قالغان.

## ئىشلەمچىلىكتە پۇل تاپالماي نەۋرە ھەدىسىنى پاناھ تارتىش

ليۇلىڭ چاڭبېي رايونىدىكى گەنجياڭ دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان. ئاتا-ئانىسى بىر خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. 90-يىللار كىرگەندىن بۇيان، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىغاچقا، ليۇ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىمۇ تەبىئىي ھالدا تەسىرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۆسۈپ-يېتىلىۋاتقان ليۇلىڭ، ليۇلىلار كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتە باشقىلارغا يېتەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەمىشە بىتەلەيلىكىدىن خورسىناتتى.

1996-يىلى، ليۇلىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆتەلمىدى، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقاي دېسە، ئۇنىڭغىمۇ 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىدىغان بولغاچقا، ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ ئائىلىسىگە قايتتى. كۆپ ئۆتمەي ئانىسى يۈرەك كېسەللىكى سەۋەبى بىلەن پېنسىيىگە چىقتى، ئائىلىدىكى 4 جان ئاتىسىنىڭ بىر نەچچە يۈز يۈەن مائاشىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ئائىلە يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ليۇلىڭ يويېز ئىستانسىدا قونىلىق تەييار تاماق سېتىش قارارىغا كەلدى.

بۇ قىلماقچى ناھايىتى ئەركىن ئوقەت بولۇپ، ياخشىراق ئىشلىسىلا كۈنىگە 30-40 يۈەن پۇل تاپقىلى بولاتتى، ئەمما ليۇلىڭ ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي ئەتىگەن چىقىپ، كەچ قايتىدىغان بۇنداق جاپاغا چىدىمايتتى، شۇڭا تاماقنى بىر ئاي سېتىپ بېقىپلا يالتايدى. يىل ئاخىرىدا، ليۇلىڭ گۇاڭجۇغا كەتكەن بىر نەۋرە ھەدىسى ليۇ شيۇچۈننىڭ ناھايىتى پۇزۇر بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى. ئۇ قايتا-قايتا ئويلانغاندىن كېيىن جەنۇبقا بېرىپ ئىشلەش نىيىتىگە كەلدى!

ئۇنىڭ ئالدىن تاللىغان مەنزىلى شېنجېن بولدى. 1997-يىلى ئەتىيازدا شېنجېنغا يېتىپ كەلدى. ئىشچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئېلانلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ خۇاشىڭ ئېلېكترون زاپچاسلار زاۋۇتىنى تاللىدى.

ئۇ بىر ئاي ھېرىپ-چارچاپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئالغان ئىش ھەققى ئاران 475 يۈەن بولدى! ئۇ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسىدىن ئېتىبا بېرىپ، بىر كىيىم-كېچەك شىركىتىگە باردى. ئۇ يەرگە كىرىپ كۆپ ئۆتمەي ئۇدا 2 قېتىم قىلغان ئىشى خوجايىنغا يارىمغانلىقتىن دەككىسىنى يېدى.

قارىماققا شېنجېن ئىشلەمچىلەرنىڭ جەننىتى ئەمەستەك قىلاتتى. ليۇلىڭ گۇاڭجۇغا باردى، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا ۋە پاختا يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىدا ئىشلەپ كۆردى، بىلەت ھايانكەشى ۋە مۇلازىممۇ بولدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىگە ياقماي قول ئۈزدى. بىر قېتىم، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر كېچىلىك بەزمىخانىغا تونۇشتۇردى ۋە ئۇ يەردە ئېيىغا 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايسىز، دېدى. ليۇلىڭ بۇ گەپتىن تەسىرلەندى، ئۇ كەچلىك بەزمىخانىغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ بىر ئىشىق سورۇنى ئىكەنلىكىنى بايقىدى-دە، ئارقىغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

ليۇلىڭ ئۈمىدسىزلەندى. سىرتتا سەرسان بولۇپ يۈرگىنىگىمۇ بىر يىل بولاي دېگەن ئىدى. پۇل



تاپالمىغاننىڭ ئۈستىگە، جاپانى يەنىمۇ تارتتى. بۇنداق بولارنى بالدۇر بىلگەن بولسا، پوپبىز ئىستانسىسىدا قۇتۇلۇش تەييار تاماقنى سېتىۋېرگەن بولاتتى. ئۇ كېتىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ ئىش قىلالماي قايتىپ بارسا يۇرتداشلارنىڭ ئالدىدا سەت بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئويان - بۇيان ئويلاپ، ئۇ بىردىنلا بىر نەۋرە ھەدىسى شيۇچۈننى ئەسكە ئالدى، ئۇنىڭ گۇاڭجۇدا خېلى ئاساسى بار ئىدى، شۇنى پاناھ تارتىپ بېرىش كېرەك.

ليۇ لىڭ ناھايىتى تېزلا ليۇ شيۇچۈننى تېپىۋالدى. ھەدە - سىڭىل كۆرۈشۈپ خۇش بولۇشتى. ليۇ لىڭ ئۆزىنىڭ شېنجېن، گۇاڭجۇدىكى مەغلۇبىيەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى ھەدىسىگە بايان قىلدى. ئەتىدىن باشلاپ بىزنىڭ مەيخانىدىلا ئىشلە، مەن سېنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمەن! دېدى شيۇچۈن. ليۇ لىڭ بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۇ يەنە «يېزىنام قوشۇلارمۇ؟» دېدى ئەندىشە قىلىپ. چاتاق يوق، دېدى شيۇچۈن. شۇنداق قىلىپ ليۇ لىڭ مەيخانىدا تۇرۇپ قالدى.

## نەۋرە ھەدىسىنى پاناھ تارتىپ بېرىپ، يېزنىسىنى تارتىپ كېتىش

ليۇ شيۇچۈن بىلەن ئېرى گاۋ باۋچېڭلار ئاچقان «فۇلەي مەيخانىسى» ئۈزۈن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدا ئىدى. كەلگەن - كەتكەن يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. 3 يىل ۋاقىت ئىچىدە مەيخانا بىر قانچە قېتىم كېڭەيتىلگەن بولۇپ، خىزمەتچىلىرى دەسلەپتىكى 8.7 ئادەمدىن 30 غا، مەبلىغى بولسا 400 مىڭ يۈەنگە يەتكەن ئىدى.

مەيخانا ئىشلىرىغا پىششىق ئۈچۈن گاۋ باۋچېڭ ليۇ لىڭنى ئەتىسى تونۇشتۇرۇپ باشلاپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

بۇ ئىش ليۇ لىڭغا تازا يېقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ليۇلىڭ مەيخانا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولدى. ئۇ ئىشى بولسا، بولمىسا يېزنە، يېزنە دەپ گاۋباچېڭنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈردى. گاۋ باچېڭ ئۇنى تولىمۇ يېقىملىق قىز ئىكەن دەپ قاراپ، ئۆز ۋىن ئۆتمەي ئۇنىڭغا ياتاق، تاماقتىن باشقا 800 يۈەن مائاش بېرىدىغان بولدى، بۇ ئىشلەمچى قىزلار ئۈچۈن ئەلا يۇقىرى مۇئامىلە ھېسابلىناتتى.

يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، گاۋ باچېڭ ليۇ لىڭنى ساراي مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى.

مۇلازىملار باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۇ قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئازىيىپ ئارام تېپىپ قالدى، پۇل توغرىسىدا ئويلىنىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرالىدى. ليۇ لىڭنىڭ «نەپسى» بارغانسېرى يوغىناپ باردى. ئۇ: مۇشۇنداق تۆت تەڭگە پۇل بىلەن قاچانمۇ مەقسىتىمگە يېتەرمەن؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ نەۋرە ھەدىسىنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپلا ئاشۇنچىۋالا مۇلۇكدار بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ بىر نەۋرە ھەدىسىنىڭ قانداق قىلىپ گاۋ باچېڭ بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولغانلىقىنى، قانداق بېيىغانلىقىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقاتتى.

ئەسلىدە، گاۋ باۋچېڭمۇ جياڭشىلىق ئىشلەمچى ئىدى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئۇ بىر 4 يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايدا ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ئاشپەزلىك ماھارىتىنى ئىگىلىۋالغانىدى.

بىر قېتىملىق يېنىك يارىلىنىش سەۋەبى بىلەن خوجايىن ئۇنىڭغا 30 مىڭ يۈەن تۆلەم بەرگەن. ئۇ مۇشۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ، دۇكان ئىجارە ئېلىپ، تېز تاماق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ ئەتراپتىكى ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدا ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ليۇ شيۇچۈن ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا دائىم بېرىپ تاماقلانغان. پاراڭلىشىش جەريانىدا خوجايىننىڭ نەنچاڭلىق يۇرتدىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغان. كۆپ ئۆتمەي، ليۇ شيۇچۈن ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، گاۋ باۋچېڭغا ياردەملەشكەن، ئۇزاققا قالماي ئۇلار توي قىلغان. 3 يىللىق ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى تېز تائاملار ئاشخانىسى بۈگۈنكى «فۇلەي مەيخانىسى»غا ئايلانغان......

ئۇلارنىڭ «تەرەققىيات تارىخى»نى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ليۇ لىڭ يېزنىسىنى قارىغا ئالدى.

كۆڭلىگە جىن كىرگەن ليۇلىڭ ئىلگىرىكى چىۋەر، ئاددىي - ساددىلىقىنى تاشلىدى. ئاپىقان پۇلنىڭ كۈچىنى باسىنىش - تارتىشقا جەلپ قىلىدىغان بولدى. 200 يۈەنلىك خۇرۇم ئاياغ، 500 نەچچە يۈەنلىك مودا كىيىم، 600 يۈەنلىك گىرىم بۇيۇمى قاتارلىقلارنى پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي سېتىۋالدى. شيۇچۈن نېمىگە بۇنچە قىلىپ كېتىسەن دېسە: بۇ دېگەن خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، ياخشىراق كىيىنىپ ئىشلىسەك خېرىدارلارنىڭمۇ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، قايتا كېلىدىغان خېرىدارلارمۇ شۇنىڭ بىلەن كۆپىيىمەمدۇ؟ دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ليۇ لىڭنىڭ كۆڭلىدە يېزنىسى گاۋ باۋچېڭدىن ئىبارەت بىرلا «خېرىدار» بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە چىرايلىق ياسىنىپ گاۋ باچېڭنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. گاۋ باۋچېڭ ليۇ شيۇچۈننىڭ ئالدىدا قائىدە-يوسۇنلۇق بولغاندەك قىلغان بىلەن، ئارقىسىدىن ليۇ لىڭغا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بېرەتتى. ليۇلىڭ قارىماققا دۇرۇستەك قىلغان بىلەن، كۆڭلىدە: گاۋ باۋچېڭ، بىزنىڭ باش قوشىدىغان كۈنلىرىمىزگە ئاز قالدى! دەپ ئويلايتتى.

بىر كۈنى ليۇ لىڭ سىڭلىسى ليۇ لىننىڭ پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىق توغرىسىدىكى خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئۇ خېتىدە، ئانىمىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالدى، دوختۇرخانىغا 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدۇق، مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمدىكى ئوقۇشۇم قالدى، مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپشۇرۇدىغان ئىشكەن، ئۆيدە بۇنىڭ ئامالى بولمىدى، دەپ يازغان ئىدى. ليۇ لىڭ چىشىنى چىشلەپ، گاۋ باۋچېڭدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل ئۆتنە ئېلىپ ئەۋەتتى.

1998-يىلى ئەتىيازدا، ليۇ لىڭ گاۋ باۋچېڭ بىلەن بىللە دېڭىز مەھسۇلاتى سېتىۋالغىلى شەھەر ئەتراپىغا چىقتى. ئىشنى بېجىرىپ بولۇپ، گاۋ باۋچېڭ قايتماقچى بولغاندا، ليۇ لىڭ: يېزنە، نېمىشقا ئۇياقتىن كېلىپلا بۇ ياقتىن كېتىمىز؟ قەھۋەخانىغا كىرىپ مۇزىكا ئاڭلىغاچ پاراڭلىشىپ چىقايلىچۇ، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، دېدى. ئۇنىڭ گېپىدىن گاۋ باۋچېڭ بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ليۇ لىڭغا قاراپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ تۇرغان بولسىمۇ، سىرىنى ئاشكارىلىيالماي يۈرەتتى. ليۇلىڭ ئېغىز ئېچىۋېدى، مانا ياخشى پۇرسەت كەلدى، دەپ بىلدى ۋە ليۇ لىڭنىڭ پىكرىگە



قوشۇلدى، قەھۋەخانا بەك ۋاراڭ-چۇرۇڭ، سۆزلىشىشكە بىئەپ، مېھمانخانىدىن چوشلۇك دەم ئېلىشقا ياتاق ئېلىپ شۇ يەردە سۆزلىشەيلى، دېۋىدى، ليۇ لىڭ ياق دېمىدى.

ياتاققا كىرىپلا گاۋ باۋچېڭ ليۇ لىڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ توختىماي سۆيۈپ كەتتى. قىزدىن كېلىۋاتقان خۇشپۇراق ئۇنى خىيالىي دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرگەن ئىدى. كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇنى لەرزىگە سالدى. بۇ چاغدا ليۇ لىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا، قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشكە تىرىشۋاتاتتى. «ئەسلىدە يېزىنەم مېنى بوزەك قىلماقچى ئىكەندە، قايتىپ بېرىپ ئېيتمايدىغان بولسام!» دېدى ليۇ لىڭ يىغلاپ تۇرۇپ. گاۋ باۋچېڭ قورقۇپ كەتتى-دە، ئالدىراپ ليۇلىڭنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى ئەيىبلىمەمسىز؟» دېدى. ليۇ لىڭ گاۋ باۋچېڭنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ: «مەن سىزگە پەقەت پاراڭلىشايلى دېگەنىدىم، سىزنىڭ بۇنداق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن» دېدى. گاۋ باۋچېڭ قايتا-قايتا كەچۈرۈم سورىغاندىلا، ليۇ لىڭنىڭ چىرايى ئېچىلدى.

– ھەدەم بىلەن ئۆي تۇتقىنىڭلارغا شۇنچە يىل بوپتۇ، نېمىشقا بالىلىق بولمىدىڭلار؟ – دەپ سورىدى ليۇ لىڭ.

– مېنىڭ بالا يۈزى كۆرگۈم كېلىپ ساراڭ بولاي دېدىم، ئاتا-ئانامۇ نەۋرە تىلەپ قانچىلىغان كۆچىنى كۆيدۈرۈپ بولدى! – دېدى گاۋ باۋچېڭ جاۋابەن.

– ھەدەم تۇغمىسا، باشقا ئامال قىلىپ باقمىدىڭلارمۇ؟

– قىلمىدىغان ئامالنىڭ بارىنى قىلدۇق، پايدىسى بولمىدى.

– تۇغۇپ بېرىشكە بىرسىنى تەكلىپ قىلساڭلارچۇ؟

– تۇغۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش؟ – گاۋ باۋچېڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى-دە، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى:

– ئاللىڭ، سىز ياردەم قىلالامسىز؟

– ياردەم قىلسام بولىدۇ، ئەمما شەرتىم بار.

– قېنى، شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ.

– ھازىردىن باشلاپ 3 ئايغىچە ئالاقە قىلىمىز. بوي‌ۇمدا قالمىسا، ماڭا ئۆتنە



بەرگەن پۇلىڭىز قىزلىقىمغا بەرگەن تۆلىمىڭىز بولىدۇ؛ بوي‌ۇمدا قالسا، ھەدەمنى قويۇۋېتىپ مېنى نىكاھىڭىزغا ئالىسىز!

ئاخىرقى شەرت ئېغىر ئىدى، چۈنكى گاۋ باۋچېڭ ئايالى بىلەن ئەزەلدىنلا ئەپ ئۆتەتتى، ئەمما ئوغۇللۇق بولۇش ئۈچۈن شەرتكىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ماقۇل بولدى.

## ئۆي قىلغىلى يۈرتقا بارغاندا، ھەدىسىگە ئوخشاش نەقدىرگە يولۇقتى

دېگىنى مەسئۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ليۇ لىڭنىڭ كەيپىياتى ئىلگىرىكىدىن ياخشىلىنىپ، يېزنە دېگەن سۆزمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەك شېرىن چىقىدىغان بولدى، بەزىدە خالايىقنىڭ ئالدىدىلا گاۋ باچېڭ بىلەن قاش-كۆز ئېتىشىپ قوياتتى. بۇلارنى ليۇ شيۇچۈن كۆرگەن بولسىمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمىدى، ئۇ: يېزنە بىلەن قېيىن سىڭىل ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. ئۇ دىققىتىنى تىجارەتكە، كۆپرەك پۇل تېپىشقىلا قاراتقان ئىدى.

ليۇ شيۇچۈننىڭ تۈز كۆڭۈللۈكلىكى ئۇلارغا ئورۇن قولايلىق كەلتۈردى. ليۇ لىڭ 3-قەۋەتتە، ليۇ شيۇچۈن ئەر-خوتۇن 2-قەۋەتتە تۇراتتى. گاۋباۋچېڭ دائىم يېرىم كېچىدە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، نەچچە سائەتلەپ ئىشق بەزمىسى سۈرەتتى، ليۇ شيۇچۈن بولسا بۇنى سەزمەيتتى. بىر كۈنى ليۇ لىڭغا قارىتا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن بىر ئىشلەمچى قىز ليۇ لىڭ بىلەن خوجايىنىنىڭ ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى، كۆرگىنىنى شىۋىرلاپ ليۇ شيۇچۈنگە دەپ قويدى، ليۇ شيۇچۈن قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ زىناخورنى جۈپتى بىلەن تۇتۇش نىيىتىگە كەلدى.

ئىككى كۈندىن كېيىنكى بىر كېچىدە، گاۋ باۋچېڭ غىپپىدىلا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ليۇ شيۇچۈن بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، تەييارلىۋالغان ئاچقۇچنى ئېلىپ، ليۇ لىڭنىڭ ياتىقىغا كىردى، چىراغنى ياندۇرۇپ، ئاندىن تۇغما

ھالەتتە جۈپلىشىپ ياتقان ئىككى گەۋدىنى كۆردى. ليۇ شيۇچۈن ئاچچىقىدا بېرىپ ليۇ لىڭنى بىر تەستەك سالدى، ليۇ لىڭ بولسا تىزلىنىپ تۇرۇپ، «چۈن ھەدە، چۈن ھەدە» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

3 ئايدىن ئاشقاندا، ليۇ لىڭ بەدىنىدىكى غەيرىيلىكنى سېزىپ، دوختۇرغا تەكشۈرتتۈردى، بويىدا قالغان بولۇپ چىقتى! ئۇ بۇ خۇشخەۋەرنى گاۋ باۋچېڭغا يەتكۈزۈپ، دەرھال ئاجرىشىپ ئۆزى بىلەن توي قىلىشقا ئالدىراتتى. گاۋ باۋچېڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ليۇ شيۇچۈن قەتئىي ئاجراشمايمەن، دەپ چىڭ تۇردى. ليۇ لىڭ ليۇ شيۇچۈننى ئىزدەپ بېرىپ «ئاجراشساڭمۇ ئاجرىشىسەن، ئاجراشمىساڭمۇ ئاجرىشىسەن، بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇۋەرسەڭ بولمايدۇ»، دېدى.

– سەن يۈزى قېلىن دايشاقنى مەن ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ئېلىپ قالسام، سەن تېخى مېنىڭ ئېرىمنى تارتىۋالماقچىمۇ؟ سەن ھەرگىز ياخشى ئۆلۈمدە ئۆلمەيسەن.

– قانداق تىللىساڭ تىللاۋەر، بەرىبىر باۋچېڭ سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، يامان بولساڭ ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بەرگىنە قېنى!

ليۇ لىڭنىڭ گېپى ليۇ شيۇچۈننىڭ ئېچىشقان يېرىگە تەگدى، ئۇ غەزەپ بىلەن ليۇ لىڭنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى چاچلىشىپ كەتتى. گاۋ باچېڭ ليۇ لىڭنى ئاياپ، شيۇچۈننى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ليۇ لىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ليۇ شيۇچۈننى پوخادىن چىققىچە ئۇرۇۋالدى، ليۇ شيۇچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋىدى، دۇكاندىكىلەر توسۇۋالدى.

بۇ ئازاب ليۇ شيۇچۈننى نەچچە كۈنگىچە قىينىدى. ئۇ ئاخىر نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلۇپ، مۇلۇك بۆلۈشۈش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

– مەيخانا ماڭا قالىدۇ، ئامانەت پۇلنى تەڭ بۆلۈشىمىز.

گاۋ باۋچېڭنىڭ كۆڭلىدە جىن بار بولغاچقا، بۇ تەڭسىز مۈلۈك بۆلۈشۈش لايىھىسىگە قارشى بىر نېمە دېمىدى. 1998-يىلى 10-ئايدا، گاۋباۋچېڭ ئۆزىگە تېگىشلىك 200 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلنى ئېلىپ، ليۇلىڭ بىلەن بىللە، ئۆزى كۆپ يىللار تىجارەت قىلغان «فۇلەي مەيخانىسى»دىن ئايرىلىپ، نەنچاڭغا قايتتى.

ئۇلار 100 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ شەھەرنىڭ شەرقىدىن بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېقىن ئەتراپتىن بىر ئاشخانا تاللىۋېلىپ، توي قىلىنىدىغان كۈنى مۇشۇ يەردە ئوقەت قىلماقچى بولدى.

تويىنى ھەشەمەتلىك قىلىش ئۈچۈن ليۇ لىڭ ئالدىراشچىلىقتا قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە چوڭىيىۋاتقانلىقىنى، توي خېتى، تۇغۇت رۇخسەتنامىسى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئېسىدىن چىقاردى.

توي كۈنى يېقىنلاشقاندا، ئۇ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتتۈرۈپ، دوختۇر چۆچۈگەن ھالدا: ئانا بولغۇچى بەك چارچاپ كەتكەچكە، بالا بېسىمغا ئۇچراپتۇ، بالا بالدۇر تۇغۇلىدۇ، دېدى. دوختۇرخانىغا كىرىپ 2 سائەت ئۆتمەيلا ليۇلىڭ قورساقتا 7 ئايلىق بولغان قىز بوۋاقنى تۇغدى.

ئۇ ئەتىسى بولىدىغان تويغا بارالمايتتى. ليۇلىڭ گاۋ باۋچېڭنى چاقىرىپ، تويىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئېيتتى.

— مەن ئەل - ئاغىنە، دوست - بۇرادەرلىرىمدىن 100 نەچچىنى چاقىرىپ قويدۇم، زىياپەت ۋاقتىنىمۇ بېكىتىپ بولغانتىم، سوۋغاتلارنىمۇ قوبۇل قىلغان تۇرسام، تويىنى قانداق ئەمەلدىن قالدۇرالايمەن؟— دېدى. باۋچېڭ، ئەگەر تويىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسا، يېگىنىلا بار، قىز يوق توي بولسا قانداق بولىدۇ، مېھمانلار قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشتى. ليۇلىڭ بىتاقەت بولغان ھالدا نەزىرىنى سىڭلىسى ليۇلىغا ئاغدۇردى. ئۇ:

— ئالى، بۇ تەڭقىسلىقتىن بىزنى سەنلا قۇتقۇزالايسەن، ئەتە مېنىڭ ئورنۇمدا چىقىپ، مۇراسىم تۈگىگىنىگىلا قايتىپ كەل، بولامدۇ؟— دېدى.

ليۇلى بۇنداق قىلىشنى ئانچە خوپ كۆرمىدى. «بۇنداق قىلساق سەت بولمامدۇ» دېدى ئۇ.

— ئەخمەق قىز، - دېدى ليۇلىڭ،- ئۇ يەردە سېنى كىم تونۇيتتى؟ رول ئالغاننىڭ نېمىسى سەت؟ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىۋېتىپ كەلسەڭ، 1000 يۈەن بىلەن تارتۇقلايمەن!

ليۇلى ئانا - ئانىسى بىلەن بېزىنىسىنىڭ، ھەدىسىنىڭ پىكرىنى ماقۇللاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز ماقۇل بولدى.

## «ئويۇن» چىنغا چىقتى

ئەتىسى توي ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلدى.

گاۋ باۋچېڭ ئەتىگەندىلا ليۇلىڭ بىلەن قىزنى كۆرۈشكە بېرىپ قويۇپلا ليۇ ئائىلىسىگە بېرىپ ليۇلىنى ئېلىپ، شەھەر بويىچە ئەڭ ئېسىل بولغان «خانىش» چاچ ياساش ئورنىغا بېرىپ گىرىم قىلدۇردى. چەتتە قاراپ تۇرغان گاۋ باۋچېڭ چاچ ياسىغۇچىنىڭ ماھىرانە ھەرىكىتىگە، ليۇلىنىڭ ۋە ھاياجان ھەم جىددىيلىشىشتىن كۆچلۈك كۆتىرىلىپ-پەسىيىپ تۇرغان كۆكرىكىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇ يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ تەگىرىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئامەتمۇ ئىكەنلىكى ياكى تۇرمۇشنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان چاقچىقى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ھەدە-سىڭىل ئىككىسىلا چىرايلىق قىزلاردىن دېيىشكە بولاتتى، ئەمما ليۇ لى ھەدىسىگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن تۇراتتى: بىلىملىك، خۇشچاقچاق، ھېسسىياتقا باي ئىدى. مۇبادا ئۇ باي - دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسا ئېسىلزادە مەلىكە بولغان بولار ئىدى. گاۋ باۋچېڭ قىزنىڭ سۆيۈملۈك قوللىرىنى تۇتۇپ توي مۇراسىمىغا كىرەلىگەنلىكىدىن ئىچىدە خۇشاللىناتتى. شۇڭا چاچ ياسىغۇچى پەرىزاتتەك ياساندۇرۇلغان قىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ئۇلارنى مۇبارەكلىگەندە، ئۇ چاچ ياسىغۇچىغا ئالاھىدە 200 يۈەن سۆيۈنچە بەردى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا يىگىت تەرەپنىڭ قىز كۈچۈرىدىغان ماشىنىسى ليۇ ئائىلىسىگە باردى. گاۋ باۋچېڭنىڭ دوستلىرى قىزنىڭ شۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى!

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، يېڭى كېلىن قىياپىتىگە كىرگەن ليۇ لى يىگىت تەرەپكە يۆتكەپ بېرىلدى. ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ھۇجرىغا كىرگەندە ليۇ لى ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئېسىل تاۋار ئۆي، يېپيېڭى ئۆي جابدۇقلىرى، چوڭ رەڭلىك تېلېۋىزور، VCD ، يانفون . . . . بۇ نەرسىلەرنى ئاددىي ئائىلە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ھەدىسىنىڭ تەلىيىگە ھەۋەسلەندى، چۈنكى ئۇ بۇندىن كېيىن ئاشۇ نامرات ئائىلە بىلەن خوشلىشاتتى. ليۇ لى ماڭا جۆرە بولىدىغان يىگىتنىڭمۇ مۇشۇنداق نەرسىلىرى بولارمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى.

توي زىياپىتى داڭلىق بىگجىياڭ مېھمانسارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. تويىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى، قىزىقلىقى ليۇلى ئۈچۈن يەنىلا تونجى كۆرۈلگەن ئىش ھېسابلىناتتى.

ۋەزىپە ئورۇنلاندى، ليۇ لى ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. بۇ چاغدا گاۋ باۋچېڭ: سىز ۋەزىپىڭىزنىڭ يېرىمىنىلا ئورۇنلىدىڭىز، بىر قانچە بۇرادىرىم ھۇجراڭغا بېرىپ مۇبارەكلىمسەك بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى، سىز كەتسىڭىز بۇ ئويۇننى قانداق ئوينىغىلى بولىدۇ؟ دېدى.

ليۇ لى ئامالسىز قېلىپ قالدى. ھۇجرىغا كەلمەكچى بولغان 7–8 يىگىت گاۋ باۋچېڭنىڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى. تەلەپلىرىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتمىدى، ئۇلارغا مۇھەببەتلىشىش جەريانىنى سۆزلەتتى. ئۆزئارا سۆيۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. . . . . بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى سورۇنغا تارتىلدى. ئاغىنىلەر سائەت 10دىن ئاشقاندا قايتتى، ليۇ لىمۇ قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

گاۋ باۋچېڭ قاپقاراڭغۇ تالانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ شەھەر سىرتى تۇرسا، ماشىنا بولمىسا، 20 نەچچە كىلومېتىر يولنى قانداق باسقىلى بولىدۇ؟ چارچىدىڭىز، قونۇپ ئەتە مېڭىڭ» دېدى. «قونۇپ قالسام قانداق بولىدۇ» دېدى ليۇلى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئىككىمىز ئايرىم - ئايرىم ئۆيدە ياتايلى، مەن سىزنىڭ بىر تال مويىڭىزغىمۇ تەگمەيمەن!

بۇ گەپ بىلەن ليۇلىنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. گاۋ باۋچېڭ ليۇلىنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ليۇلى ئەمدى قايتىپ كېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە:

—ئالى، سىز يېڭى كېلىن بولۇشنىڭ جاپاسىنى تارتتىڭىز، يېڭى كېلىن بولۇشنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدىغانلىقىڭىزدىن



ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، ـ دېدى.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ـ سورىدى ليۇلى.

ـ بىز رەسمىي ئەر ـ خوتۇن بولالىلى، ـ دېدى گاۋ باۋچېڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىپ،ـ ئايالىم بولسىڭىز مەن سىزنى جەزمەن ئۆمۈرلۈك بەختكە ئېرىشتۈرىمەن. . . .

سىز ھەدەمنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ـ دېدى ليۇلى گاۋ باۋچېڭنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ.

بۇ يەردە تاشلىۋېتىش دېگەن ئىش مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى بىز تېخى توي خېتى ئالمىدۇق. بىز قانۇنىي ئەر ـ خوتۇن ئەمەس. سىز بولسىڭىز يۈزلىگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن توي قىلىشتىڭىز، بۇ شاتلىق مىنۇتلار سۈرەتكە تارتىلدى. مېنىڭ ھەقىقىي ئايالىم سىز! ئالى، مەن سىزنى ھەدىڭىزنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، ماڭا تەگسىڭىز قانداق؟

بۇ چاغدا ليۇلى گاڭگىرىغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يوقسۇزلۇقنىڭ ۋە ئىش كۆتۈپ تۇرۇشنىڭ جاپاسىنى يەتكىچە تارتتىم، دەپ ئويلايتتى. ئۇ گاۋ باۋچېڭنىڭ مال ـ مۈلكىگە قىزىقىپ قالغانىدى . . . 19 ياشقا كىرىپتىمەن، ھامىنى ياتلىق بولىدىغان گەپ، كەلگۈسىدە بىر يالاڭتۆشكە تېگىپ قالسام ئۆمۈر بويى جاپاغا قالىمەنمەن . . .

گاۋباۋچېڭ ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، تارتىپلا قوينىغا سالدى.

ئەتىسى« ئايال» بولغان ليۇلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ھەدىسىنى ئېسىدىن چىقاردى، ئۆز« بەختى»نى قوغداش ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ بىر ھىيلە ئويلاپ چىقتى، گاۋباۋچېڭمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردى . . . . . . .

ليۇلىڭ بولسا، قىزنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ سىڭلىسىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن بىئاقەت بولاتتى. ئەمما ئۇ ئىشنى يامان تەرىپىگە تارتىپ ئويلىمىدى. پەقەت ئالى باۋچېڭغا ئۆيى ئىشلىرىنى جابلاشتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ، يا بولمىسا ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپلا ئويلىدى. 6 ـ كۈنگە بارغاندا، تاقىتى تۈگىگەن ليۇلىڭ توستانغا قارىماي دوختۇرخانىدىن چىقىپ، 20 كىلومېتىر يول بېسىپ شەھەرنىڭ شەرقىي ئىتراپىغا باردى. ئۇ يېڭى ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىشىغا قوشنىلار ئۇنىڭغا بىر لىپاپىنى بەردى. خەتكە ليۇلىڭنىڭ نامىدا بىر قانچە قەرەلسىز ئامانەت پۇل چېكى قىستۇرۇلغان بولۇپ، خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«ھەدە، كەچۈرگىن، خوش دېمەيلا كېتىپ قالغىنىمىزنى ئەيىپ قىلارسەن!

گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، مەن ئوغۇلۇشۇمىدىنلا ئەدەبلىك قىز ئىدىم، مېنىڭ ئېرىڭنى تارتىۋالغىنىمىز يوق ئىدى، مەن مېنى ئۇنىڭ قوينىغا سېلىپ بەردىڭ، مېنىڭچە بۇمۇ ئەقىدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك! باۋچېڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن بىر قانچە كۈندە مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغاچقا، مەن ئۇنىڭ بىلەن كېتىپ قالدىم. مۇھەببەتنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە باشقىلارنى سىغدۇرماسلىقى ـ ھەدە ـ سىڭىل ئىككىمىزنىڭ بىر يەردە بولالمايدىغانلىقىمىزنى بەلگىلىدى، شۇڭا مەن باۋچېڭ بىلەن يىراققا كېتىش يولىنى تاللىۋالدىم. بىز ئېھتىمال بېيجىڭغا بارارمىز ياكى گۇاڭجۇغا بارارمىز، خەيىنگە بېرىشىمىزمۇ مۇمكىن، بىزنى ئىزدىمەڭلار، ئىزدىسەڭلارمۇ بىكار ئاۋارە بولىسىلەر. توي قىلغان چېغىمىزدىكى تويى جاھازلىرىنى ۋە ئۆينى سېتىۋەتتۇق. سېنىڭ ئىلگىرى باۋچېڭنى سۆيگەنلىكىڭنى ھەم ئىككىمىزنىڭ قېرىنداشلىقىمىزنىڭ يۈزىدىن ساڭا بۇ 50 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكىنى قالدۇردۇق. . . »

خەتنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاچچىقتىن بىرىلغۇدەك بولغان ليۇلىڭنىڭ يۈزى ياش بىلەن يۇيۇلدى.

2 كۈندىن كېيىن ئۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ قانۇننىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىپ باردى. ئۇ گاۋ باۋچېڭنى قوش نىكاھلىق بولۇش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ، ليۇ لىنى باشقىلارنىڭ نىكاھىنى بۇزدى، دەپ ئەرز قىلدى. ئادۋوكاتلار ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، ئاساسلىق بىۋاستە ئالاقىدار ئادەملەر يىراققا كېتىپ قالغانلىقتىن ئامال قىلالمىدى. بۇ غەلىتە نىكاھ ماجىراسىنىڭ قاچان نەتىجىسى چىقاركىن ـ تاڭ؟

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم (ت)



## 2000 ـ يىلدىكى قانۇن مەسلىھەتچىڭىز ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەتىڭىزنى قوغداشتىكى ئۆتكۈر قورالىڭىز شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىشنى باش مەقسەد قىلغان بىر سىنىپ كەسپىي گېزىت بولۇپ، ئۇ 2000 ـ يىللىق مۇشتەرىلىرىگە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

بۇ گېزىت دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنغا، دېلوغا چېتىشلىق پاكىتلارنى ئېنىرچىل خەۋەر قىلىدۇ. 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ زورۇر ماتېرىيالى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىشىدىكى يول باشچىسى بولالايدۇ.

بۇ گېزىتنىڭ ھەرقايسى بەتلىرى مول مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق ئەسەرلىرى سىزگە ھەر ۋاقىت كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلىدۇ. رەڭدار، كۆركەم بەت يۈزى سىزنى گېزىتنى قولىڭىزغا ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.

شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز جايىدىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ 2000 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ.

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: W — / 0044 — GN65 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 8 ـ 57

ھەپتىنىڭ جۈپ كۈنلىرى نەشرىدىن چىقىدۇ. پارچە باھاسى 0.60 يۈەن، بەسلىلىك باھاسى 22.50 يۈەن، يېرىم يىللىق باھاسى 45 يۈەن، يىللىق باھاسى 90 يۈەن.

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 11 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون : 2826027، 2825636، 2834701.



# چيەنلوڭ يىللىرىدىكى قاشتېشى دېلوسى







چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 43 - يىلى( مىلادى 1778 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان «قۇتلۇق كۈن» ئىدى. بىراق چيەنلوڭ خان بۇ كۈننى شاد - خۇرام ئۆتكۈزەلمىدى. چۈنكى شىنجاڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق خـان ئامبىلى يۇڭگۈينىڭ مەلۇماتى ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. مەلۇماتتا، گاۋپۇ شۇ جايدىكى خەلقنى ئاتقا چىقىپ قاشتېشى ئېلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن خەلقنىڭ ئاھ - زارى پەلەككە يەتكەنلىكى، گاۋپۇ يەنە سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ قـاشتېشى ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىليون سەر كۈمۈشتىن ئارتۇق پـايدا ئالغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. چيەنلوڭ بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئـەڭ يېـقىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۆرۈق - تۇغقانلىرىنىڭ خانداnلىقنىڭ مۈلكىنى كولايدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

گاۋپۇنىڭ مۇنداق ئىشنى يالغۇز قىلالمىشى ۋە شۇنچە كۆپ پايدىنى چۆنتىكىگە سېلىۋېلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار، دەپ ئويلىغان چيەنلوڭ بىراقتا زىياندىشىنى يوقىتىپ چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەش، يېقىندا مەنسەپدارلارنى ئىبرەت ئالدۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ئـۇ دەرھـال: «يـۇڭگـۈي پاكىتقا ئاساسەن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى، ئادىللىقىنى ئارتۇقلاشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈلسۇن، تەپسىلاتى ئوردىغا مەلۇم قىلىنسۇن، قىلچە يوشۇرۇشقا ۋە يول قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئـوردا ئىشلار مـەھكـىمـىسـىنىڭ ۋەزىـرى ئاگۇيغا گاۋپۇنىڭ پايتەختتىكى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە گاۋپۇ بىلەن باردى - كەلدىسى بار ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش توغرىسىدا مەخپىي يارلىق چۈشۈردى.

ئـۇنداقتا گاۋپۇ زادى قانداق ئادەم؟ گاۋپۇ 16 يېشىدا تەشرىپدار بولغان، ئوچ يىلدىن كېيىن ئىمتىھاندا 2 - لىككە ئېرىشىپ، ئاۋۋال ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسىدە 5 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، لەشكىرىي ۋازارەتتە ئوڭ قوشۇن ياندان يەگلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ھاممىسى پادىشاھنىڭ كىچىك خانىشى ئىدى، دادىسى گاۋ خېڭ ئۇزۇن ۋاقىتتا جەنۇبىي جۇڭگو تۇزچىلىق دورغايى بولۇپ خىيانەتچىلىك قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئەملى ئېلىپ تاشلانغان. بوۋىسى گاۋ بىن ئوردا ئاقساقىلى بولۇپ، ھۆكۈمەت ماڭاشىدىن ئۆمۈرۋايەت بەھرىمان بولغۇچى كىشى ئىدى. تاغىسى گاۋ جىن جىيجياڭ - جياڭسۇنىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. چيـەنلوڭنىڭ 40 - يىلى گاۋ پۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ ئاھىيسى يەكەنگە ئەۋەتىلىپ خان ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن، ھەتتا ئۈرۈمچى باش بوغى سۇنامچىرنىمۇ ئۇنىڭغا قول قويارتى.

يۇڭگۈي ئەسلى خەنزۇ بولۇپ، لى شۈفاڭ دېلوسىغا چېتىلىپ قالغانلىقى ئـۈچۈن، چيەنلوڭنىڭ 43 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئـۇچتـۇرپاندا مەسلىھەتچى ئامبىلنىڭ قول ئاستىدا كىچىك ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىمىسە ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالاتتى، گاۋ پۇ يۇڭگۈينى كۆزگە ئىلماي، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا 3 مىڭ دېھقاننى قاشتېشى قېزىشقا مەجبۇرلىغانىدى. گاۋ پۇنىڭ غەرىزىنى ئوبدان بىـلـىـدىـغـان يـۇڭگـۈي: ئەگەر خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىمنى يۇمىسام، ئۆلۈكۈم ياقا - يۇرتتا قېلىشى تۇرغانلا



گەپ، دەپ ھېس قىلىدۇ. يۈگۈي قايتا - قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، «مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، گاۋ يۇ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىم كېرەك» دېگەن قارارغا كېلىپ، 24 بەتلىك مەلۇمات يېزىپ ئوردىغا يوللايدۇ. ئوردىدىن ناھايىتى تېزلا خەۋەر كېلىدۇ. پادىشاھنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن يۈگۈي بىردىنلا روھلىنىپ، شۇ كۈنىلا گاۋ يۇنى قولغا ئېلىپ، كېچىلەپ سوراق قىلىدۇ. ئارقا ئىشىكنى ئىشەنگەن ھەم ھارام مال بىلەن تولۇلمىغان گاۋ يۇ ھېچنېمە بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۈچ كۈنگىچە زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالىدۇ. يۈگۈي چېرىك باشلاپ گاۋ يۇنىڭ ئۆيى ۋە يۇتۇن يەكەن بازىرىنى ئاختۇرۇپمۇ قاشتېشى تاپالمايدۇ. شۇنچە كۆپ قاشتېشى نەگە كەتكەندۇ؟ يۈگۈي قارا تەرگە چۆمىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ دېلو سۇغا چىلاشسا ھاياتىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى يۈگۈينىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئالالمىغان چيەنلۇڭمۇ تىت - تىت بولىدۇ. قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاگۈينى دەرھال گاۋ يۇنىڭ پايتەختتىكى تۇرالغۇسىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. گاۋ يۇنىڭ تۇرالغۇسىدىن 140 مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى مال - دۇنيا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە گاۋ يۇنىڭ ئائىلىسىگە يازغان خېتىدىن لى فۇ ئىسىملىك بىر چاكار قاشتېشىنى ئېلىپ بىل ئاغىرى سۇجۇغا يېتىپ بارىدىغانلىقى، يەنە بىر تۈركۈم چاكارلار قاشتېشى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ يولغا چىققانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چيەنلۇڭ بۇ خەتنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى دەرھال يۈگۈيگە ئەۋەتىپ، مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەم سۇجۇ (肃州)، سۇجۇ (苏州) باش ئەمەلدارلىرىغا «ئۆز تەۋەلىكىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار، مۇبادا گاۋ يۇ ئائىلىسىدىكىلەر بايقالسا، شۇ ھامان تۇتقۇن قىلىپ، يۈك - تاقىنى قاتتىق ئاختۇرۇڭلار، ئاستانىغا ئېلىپ كېلىڭلار»، دەپ مەخپىي يارلىق چۈشۈرىدۇ.

يۈگۈي گاۋ يۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، چاكارلار ۋە مىراخورلارنىڭ ھەممىسىنى قاماققا ئېلىپ بىر - بىرلەپ قاتتىق سوراق قىلغاندىن كېيىن، بىر چاكار ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىدۇ:

5 - ئايلاردا، گاۋ يۇ ئوردىغا مەلۇمات سۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تاغقا چىقىپ قاشتېشى قېزىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تاغقا توساق قورۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئوردا بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، گاۋ يۇ توساق قورۇشنى باھانە قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى يەرلىك خەلقنى باشلاپ تاغقا كىرىپ، تاغ ئېغىزىنى پېچەتلەپ، قاشتېشىنى مەخپىي قازىدۇ. دەسلەپتە قېزىۋېلىنغان 6 مىڭ جىڭ قاش تېشىنى 4 چوڭ هارۋىغا بېسىپ لى فۇ باشچىلىقىدا ئىچكىرىگە ماڭدۇرىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن چاكار چاڭ يوڭ يەنە 9 مىڭ جىڭ قاشتېشىنى ئېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ئىچكى سىرلاردىن خەۋەردار بەزى ئەمەلدارلار: «سۇجۇ، خاڭجۇ، ياڭجۇ دېگەن جايلار گاۋ جەمەتىنىڭ يەرلىرى، بۇ جايلاردا گاۋ جەمەتىنىڭ يىلتىزى بەكمۇ چوڭقۇر. جياڭسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ياڭ كۈي ئەسلى خەنزۇ بولۇپ، يەتتىنچى دەرىجىلىك ناھىيە ئامبىلى ئىدى، جىجياڭ - جياڭسۇنىڭ باش ۋالىيسى گاۋ جىن ئۇنى ھازىرقى ئورنىغا ئۆستۈرۈپ قويغان.....» دەپ پادىشاھقا ئەقىل كۆرسىتىدۇ. چيەنلۇڭ خان ياڭ كۈينى سىناش ئۈچۈن، ئۇنى لى فۇنى تۇتۇشقا، سۇجۇ، تۆگۈن مەھكىمىلىرىنى قاشتېشى يۆتكەپ ماڭغان هارۋىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈشكە بۇيرۇيدۇ.

ياڭ كۈي بۇ ئىشنى گاۋ جىنغا ئاشكارىلاپ قويىدۇ، ئاندىن پادىشاھقا «تەكشۈرۈلىشىچە، 8 - ئايلاردا، لى فۇ سۇجۇ شەھىرىدە قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشى بىلەن بەند بولغانىكەن، قاشتېشى سودىگىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شىمالغا يۈرۈپ كەتكەنىكەن»، دەپ مەلۇمات سۇنۇپ پادىشاھنىڭ دىققىتىنى باشقا يەرگە بۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ.

گاۋ جىنمۇ پادىشاھقا مەلۇمات سۇنۇپ، گاۋ يۇ پادىشاھنىڭ 70 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ سوۋغا تەييارلاش ئۈچۈن خوتەندىن قاشتېشى يۆتكەپ، سۇجۇدا پىششىقلاپ ئىشلىمەكچى بولدى، ئۇنى بەختىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ياساش ياكى بۇددا ھەيكىلى قىلىپ ياساش توغرىسىدا پادىشاھتىن يوليورۇق ئالماقچى» دەپ، گاۋ يۇنىڭ قاشتېشى يۆتكەپ كېلىشى پۈتۈنلەي پادىشاھ ئۈچۈندۇر، دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولدى.

چيەنلۇڭ قېيىنىسىنىڭ يۈزىنى قىلمىدى. ئۇ خاپا بولغان هالدا «بۇ پۈتۈنلەي يالغانچىلىق، ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى خان ئامباللىرى ئوردىغا سوۋغا يوللىماقچى ئەمەس. گېپىڭىزچە مېنىڭ 70 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈمگە ھازىرلا سوۋغا ئىشلىرىنى ئويلىسا، بەكمۇ بالدۇر بولمامدۇ؟ گاۋ يۇ پەقەت بىر ياندىش بېگى، سوۋغا بەرگۈچىلەر قاتارىغىمۇ كىرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 70 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنۈمدە ھېچكىم سوۋغا سۇنماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىمنى گاۋ جىن ئوبدان بىلىدۇ. خوتەن قاشتېشى ئەزەلدىن ھۆكۈمەت مۈلكى، ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى ئامباللار ئۇنى سۇجۇغا ئېلىپ بېرىپ سوۋغا ياساتسىمۇ پېقىر بىر كۆرۈپلا بىلەلەيدۇ. قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇنداق قىلغۇچىلارغا جىنايەت ئارتىلىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

ئاگۈي گاۋ يۇ ئائىلىسىدىن يەنە يۈز پارچىدىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئاختۇرۇپ تاپىدۇ. ئۇلار ھەممىسى سۈپ - سۈزۈك ئاق قاشتېشى بىلەن ياسالغان ئاۋاقلار ئىدى. چيەنلۇڭ خان دەرغەزەپكە كېلىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالارنى كۆرۈشكە چاقىرىپ، «گاۋ يۇ ھەر قېتىم پېقىرگە ئادەتتىكى ئاق قاشتېشىدا ياسالغان بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ، ياخشى ۋە ئېسىللىرىنى ئۆزى ئېلىپ قالغان. مۇشۇ بىر ئىشتىنلا ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ئاللىبۇرۇن بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

لى فۇ سۇجۇدا غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقاپ كېتىدۇ. قاشتېشى سېلىنغان ئات هارۋىلىرىنىڭمۇ ئىز - دېرىكى بولمايدۇ. يۈگۈي ھەر قانچە كۈچەپمۇ قاش تېشىنى تاپالمايدۇ. ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ. پايتەختتىن خەۋەر ئالالماي يۈرگەن يۈگۈي ئىنتايىن بىئارام بولۇپ كېتىدۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئاگۈي گاۋ يۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە يازغان خېتىدىن ئىككى مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئىگە بولىدۇ. خەتتە «پۇل چىقىرىپ شيۇڭ ھەزرىتكە ئەمەل سېتىۋېلىڭلار» دېيىلگەن. «شيۇڭ ھەزرىتىم»نىڭ ئەسلى ئىسمى شيۇڭ ليەن بولۇپ، جۈنجاڭدىكى بىر كىچىك ئۆلىما بولۇپ، گاۋ يۇغا خاس كاتىپ بولۇپ



F A Z H I Z O N G H E N G

يەكەنگە بارغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، شيۇڭ ليەن لى فۇ بىلەن بىللە بولۇپ، شيۇڭ ليەن جىنجاڭدا تۇتۇلسا، لى فۇنى تاپماق ئاسان بولاتتى.

داخېيى ئۆتكەندىن چاڭ يۇڭنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ. چاڭ يۇڭ 9 مىڭ جىڭ قاشتېشىنى ئالتە هارۋىغا بېسىپ يەكەندىن چىقىپ، سۇجۇ ئۆتەڭ بېگىنى يۈز سەر كۈمۈش بىلەن سېتىۋېلىپ توساقتىن ئۆتۈپ، يول بويى قاشتېشى سېتىپ، بىر قىسمىغا تاۋار ـ دۇردۇن سېتىۋېلىپ يەكەنگە ئېلىپ كەتكەنلىكى، قالغان ئىككى هارۋا قاشتېشىنى جاۋ شاڭيۈ ئېلىپ ماڭغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چيەنلۇڭ جاۋ شاڭيۈنى دەرهال قولغا ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ.

ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ يۈرگەن ياڭ كۇي پادىشاهنىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ، پۇزىتسىيىسىنى دەرهال ئۆزگەرتىپ، بار كۈچى بىلەن تۇتۇش ئىشلىرىغا ئاتلىنىدۇ. لى فۇ، شيۇڭ ليەنلەر ھەقىقەتەن ياڭجۇدا ئىدى. بىراق ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇلار 40 تىن ئارتۇق ساندۇقنى كېمىگە بېسىپ، لەشكىري ۋازارەت تۇغىنى ئېسىپ، دېڭىز بويى تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. قارىغاندا، لى فۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى بىلىپ قېلىپ، چەت جايلارغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنماقچى بولغانىدى. ياڭ كۇي دەرهال دېڭىز مۇداپىئە دائىرىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئارقىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ.

ئۈچتۇرپاننىڭ سابىق خان ئامبىلى جۇڭتۇ پايتەختكە قايتىپ كېلىپ ئۈچ ئايغىچە ئوردىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. چيەنلۇڭ خان ئۇنى چاقىرتىدۇ. چاقىرىقنى ئاڭلىغان بۇ خىيانەتچى ئەمەلدار قورققىنىدىن گاۋ پۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويماي ئىقرار قىلىدۇ. پايتەختكە يېنىشىدا گاۋ پۇ ئۇنىڭغا بىر چوڭ ياغاچ ساندۇقنى ئېلىپ كېتىشكە هاۋالە قىلغان. ساندۇقتا يۈز دانىدىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇملىرى قاچىلانغان بولۇپ، يېرىم يولدا خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، بۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى شىئەندىكى بىر قاشتېشى دۇكىنىغا ئامانەت قويۇپ قويغان.

ياڭ كۇي يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قوغلاپ يۈرۈپ، لى فۇنىڭ كېمىسىگە يېتىۋالىدۇ. كېمىدە شيۇڭ ليەن يوق بولۇپ چىقىدۇ. ھېيلىگەر شيۇڭ ليەن يولنىڭ يېرىمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىۋالغانىدى.

چيەنلۇڭ خان خۇبېيگۇەن پورتىنىڭ نازارەتچىسى يىڭ جۇنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈپ، يول خېتىنى مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. يىڭ جۇ گاۋ جىننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ئادەم ئىدى. لى فۇ خۇبېيگۇەندىن ئۆتكەندە، ئۇ لى فۇ قولىدىكى گاۋ جىننىڭ نامى يېزىلغان يول خېتىنى ئېلىۋېلىپ، خوجايىنى ئۈچۈن جىنايەت پاكىتىنى يوقاتماقچى بولىدۇ. بىراق، بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ يول خېتىنى ئېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. ياڭ كۇيمۇ پايتەختتە تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

شيۇڭ ليەن گاۋ پۇنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، ئىنتايىن ھېيلىگەر ئادەم ئىدى. گاۋ ئائىلىسى ھېچقانداق كۈچىمەيلا ئۇنىڭغا ۋىلايەتتىن بىر مەنسەپ ئېلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ نامدا گاۋ پۇنىڭ خاس كاتىپى، ئەمەلىيەتتە، گاۋ ئائىلىسىنىڭ خەزىنىچىسى ئىدى. ئۇ لى فۇ بىلەن يولغا چىقىپ، ۋەزىيەتنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يېرىم يولدا قىرغاققا چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قولغا ئېلىنىدۇ. ئۆيىدىن مىليون سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە پۇلنىڭ چەكلىرى تېپىلىدۇ. شيۇڭ ليەن «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ» دەپ تۇرۇۋېلىپ، گاۋ ئائىلىسىنىڭ ئىچكى سىرىنى يوشۇرماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاشتېشى دېلوسىدا، شيۇڭ ليەن كاللىسىدىن ئايرىلغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالىدۇ. شيۇڭ جەمەتىمۇ ئۈچ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى موخېغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

يۇڭگۇي جاۋ شاڭيۈ دېگەن كىشىنى ئىنقىلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جاۋ جۈنرۈي بولۇپ، يەكەندە شاڭيۈ بولۇپ يۈرگەندە گاۋ پۇنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، گاۋ ئائىلىسىنىڭ غالچىسىغا ئايلانغانىدى. گاۋ پۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىنىپ كېتەلمەي، جاۋ جۈنرۈينى چاڭ يۇڭغا قوشۇپ قويغان ئىدى. شەنشى ۋېينەنگە كەلگەندە، ئۇ گاۋ پۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، يۇرتىدا ۋاقىتلىق پاناھلىنىشنى لايىق كۆرۈپ، چاڭ يۇڭغا بىر قىسىم قاشتېشىنى ئەرزان باھادا سېتىپ، ئۇنىڭغا رەخت ئېلىپ يەكەنگە قايتىش مەسلىھەتىنى بېرىپ، چاڭ يۇڭنى شىنجاڭغا قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۆزى قالغان ئىككى هارۋىدىكى قاشتېشىنى مەخپىي جايغا يۆتكەپ كۆمۈپ قويغان ئىدى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ قاشتېشىنى ئوغرىلىنىپ كېتىلىدۇ. جاۋ جۈنرۈيمۇ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياقا ـ يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ كېتىدۇ.

چيەنلۇڭ خان جايگۇەندىن تۇڭگۇەنگىچە بولغان مۇشۇ دېلوغا چېتىشلىق خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلار، جياڭسۇ، جېجياڭدىكى مۇتتەھەم ـ ئاقساقاللار ۋە قاشتېشى ئەتكەسچىلىرى بولۇپ 130 كىشىنى قولغا ئېلىپ، ئۇلار ئىچىدىكى 7 كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ.

1779 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، گاۋ پۇ ۋە چاڭ يۇڭ ئۈچتۇرپاندا جازاغا تارتىلىدۇ. جازالاشنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار تەنتەنە قىلىشىدۇ. گاۋ پۇنىڭ جەسىتى جاڭگالغا تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 30 يىل ئىچىدە، چېگرا رايون ئەمەلدارلىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

گاۋ جىن چيەنلۇڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، گۇناھىنى تىلەيدۇ. چيەنلۇڭ ئۇنىڭ يول خېتىنى ئالدىغا تاشلاپ، «بۇ ئىشتا گاۋ جىن گۇناھىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. جازا ۋەزارىتىگە تاپشۇرۇپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.

يۇڭگۇي بۇ دېلونى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، پايتەختكە قايتۇرۇلۇپ، مەنسىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى سانجۇچە ۋە خەنزۇچە بېسىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارىسىغا تارقىتىلىدۇ.

سەمى مامۇت (ت)



ئىلاۋە: مۇھەببەت ـ نىكاھ ـ ئەمەلىيەتتە ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان بىر خىل يۈكسەك مەسئۇلىيەت. ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا، كىشىلەر ئارىسىدا پاجىئە يۈز بېرىپ ئائىلىگە، پەرزەنتلەرگە ئۆمۈرلۈك ئازاب ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كەچۈرمىشى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.





بۇ، فېڭجۇ شەھرىدە ھەقىقىي يۈز بەرگەن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تراگېدىيە. بۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمان خەن شۇاڭچىڭ بىلەن جياۋ يۈچىن ئۈچ يىل شېرىن مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق توي قىلماقچى بولىشىدۇ. لېكىن ئۇلار دەل توي قىلىش پەيتىدە، ئۆزلىرى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۆز سىڭلىسى ۋە ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئاكا ـ سىڭىللارنىڭ مۇھەببەتلىشىپ قېلىشىدەك بۇ تراگېدىيىلىك ھېكايە كىشىنى ئاچچىق پىغان ئىچىگە غەرق قىلىدۇ.

## خۇپىيانە ئاشىق ـ مەشۇقلار

خەن شۇاڭچىڭ باۋجى شەھرىدىكى بىر زىيالى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى خەن دېيىن بىلەن ئانىسى چېن لىخلىڭ ئىككىلىسى گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تېخنىكى ئىدى. 1980 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن خەن شۇاڭچىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ يۆتكىلىشى سەۋەبىدىن ئۇيىدىكىلەر بىلەن بىللە فېڭجۇ تاغلىق رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ 20 يېشىدا باۋجى سىستېرالار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، فېڭجۇنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بىر بازارلىق دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندى.



خەن شۇاڭچىڭ خىزمەتكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكلىكى، ئەخلاقلىقلىقى بىلەن ناھايىتى تېزلا بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى، جياۋ يۈچىن ئىسىملىك بۇ قىز 19 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق چوڭ بولغانىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ھەممىشە كىشىگە بىر خىل ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇراتتى. ئۇمۇ خەن شۇاڭچىڭ بىلەن بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت يالقۇنى يېنىشقا باشلىدى. 1994 ـ يىلى قارا قىشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى خەن شۇاڭچىڭ بىلەن جياۋ يۈچىن تۈيزى كەنتىگە بېرىپ سەييارە داۋالاش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولدى، ئۇلار بازارغا قايتىپ كەلگەندە سائەت توققۇزدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن بىر كۈن چېپىپ يۈرۈپ قورساقلىرى ئازا ئاچقان ئىككىسى تاماق يېمەكچى بولۇشتى، جياۋ يۈچىن خەن شۇاڭچىڭغا ئۆزىنىڭ ياتىقىدا تاماق ئېتىپ يېيىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇلار ياتاقتا بىر تەرەپتىن ئىسسىنغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن تەييار چۆپ دۇملەپ ئىچىشتى. ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە يېقىشىپ ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل ئولتۇرغاچقا، كۆزلىرىدىن مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يېنىشقا باشلىدى. بۇ ئۇچقۇن بارغانسېرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن جىسمىغا تاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئىككى تەنتى جۇپلىدى، بۇ قەھرىتان قىش كېچىسىدە، خەن شۇاڭچىڭنىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشى جياۋيۈچىننىڭ قەلبىدىكى ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەڭگۈ بىرگە بولۇشقا قەسەم قىلىشتى.

خەن شۋاڭچىڭ بىلەن چياۋ يۈچىننىڭ مۇھەببەتلەشكەنلىك خەۋىرى خەن دېيىن ئەر - خوتۇننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئوغلىنىڭ توي ئىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى، چۈنكى ئۇلار ئەسلىدە ئوغلىنى شەھەرگە يۆتكەپ كىرمەكچى ئىدى، ئەگەر ئوغلى ئۇ يەردىن ئۆيلىنىپ قالسا، كېيىن شەھەرگە يۆتكىمەك قىيىن توختايتتى. ۋاھالەنكى چياۋيۈچىننى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغان خەن شۋاڭچىڭ نەدىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىسۇن! ئۇ ئاتا - ئانىسىغا: «ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ بولدى، شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرىمەن دەپ چياۋيۈچىننى ئازابلىمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چياۋيۈچىن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈشىمىز، مەن شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرگەن تەقدىردىمۇ مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ» دەپ تۇرىۋالدى. ئەزەلدىنلا گەپ ئاڭلايدىغان ئوغلىنىڭ توساتتىنلا بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئانىسى: «ئەگەر سەن بۇ يەردىن ئۆيلەنسەڭ، بىز سىلەرنىڭ شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشلىرى بىلەن كارىمىز يوق، كېيىن شەھەرگە يۆتكىلىمەن دېمۇ يۆتكىلەلمەيسەن، بىر ئۆمۈر نامرات ئاغىلىقتا ياشايسەن، كېيىن پۇشايمان قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى» دەپ ئاچچىقلاندى، خەن شۋاڭچىڭ بولسا ئانىسىغا «كەتمەكچى بولساڭلار كېتىۋېرىڭلار، مېنىڭ قەلبىم مۇشۇ نامرات ئاغىلىق رايونغا بىر ئۆمۈر باغلانغان. بۇنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دەپ رەددىيە بەردى. خەن شۋاڭچىننىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ سۆزىدىن ئاچچىقلىنىپ، ئۇنى ئىللاپ، ئاغىلىق قىز بىلەن توي قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالىمۇ توگەيدۇ، دېدى. دادىسىمۇ بىر تەرەپتە ئۇنىڭ كۆزىگە كىرۋېلىپ: «شۇنچە كۆپ يىل ئوقۇپ، ياخشى - ياماننى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قاپسەن» دېگەندە، خەن شۋاڭچىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر قەپەس سوقۇشتى.

خەن شۋاڭچىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن 15 كۈنگىچە ئۆيگە كەلمىدى، چياۋيۈچىن خەن شۋاڭچىڭنىڭ تۇنۇلۇپلا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى دېمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى چياۋيۈچىننى سەگىتىپ قويدى. بىر كۈنى خەن شۋاڭچىڭنىڭ ئانىسى چياۋيۈچىننى ئىزدەپ تېپىپ، بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىلا، چياۋيۈچىن خەن شۋاڭچىڭنىڭ بىر ۋاقىتتا بولۇپ يۈرۈشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئۇقتى. خەن شۋاڭچىڭنىڭ ئاپىسىنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا ھەم قەلبىدىكى كىشىسىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ، چياۋيۈچىن ئۆزى خالىمىغان ھالدا خەن شۋاڭچىڭنىڭ ئاپىسىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، خەن شۋاڭچىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەكچى بولدى. ئۇ بۇ ئىشقا ماقۇل بولغاندىن كېيىن ياتىقىدا توپتوغرا يېرىم كۈن يىغلىدى.

ئەتىسى، بۇ ئەھۋالنى ئۇققان خەن شۋاڭچىڭ ئۆيگە بېرىپ، ئاتا - ئانىسىغا: «سىلەر بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭلار، ھەممىسى سېنىڭ ئۈچۈن دەپ ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەيسىلەر، لېكىن سىلەر بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى ئويلىشىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەگەر چياۋيۈچىن بىر نېمە بولۇپ قالسا، سىلەر بىلەن ئاندىن ھېسابلىشىمەن»، دەپ قىرىچە تەگدى.

شۇ كۈنى، ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغان خەن شۋاڭچىڭ ئۆيدىن تالاغا چىقماي ھاراق ئىچىپ ئېغىر مەست بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قىزىتمىسى ئۆرلەپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چياۋيۈچىن قىزىتمىسى يانمايۋاتقان خەن شۋاڭچىڭنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «سىز نېمە بولدىڭىز! نېمىگە ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئازابلايسىز؟» دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى.

## شور پېشانە ئاشىق - مەشۇقلار

خەن شۋاڭچىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، چياۋيۈچىن ھەر كۈنى ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكىنى يۇيۇپ، تاماق ئېتىپ بېرىپ، چىن مۇھەببىتى ئارقىلىق خەن شۋاڭچىڭغا تەسەللى بەردى. چياۋيۈچىننىڭ بۇنداق قىلىشى خەن شۋاڭچىڭنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

بىر كۈنى كەچتە، چياۋيۈچىن خەن شۋاڭچىڭنىڭ يۈز - كۆزلىرى ۋە پۇتىنى يۇيۇۋېلىشىغا ئىسسىق سۇ تەكشۈرگەندە، چياۋيۈچىننىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىراپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى. ئۇ چياۋيۈچىننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا: «يۈچىن، ماڭا جاۋاب بېرىڭا، مەندىن ھازىرمۇ ئايرىلىپ كېتەمسىز؟» دېدى. چياۋيۈچىن ئۇنىڭ ياش بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىگە قاراپ، كۆڭلى ئىنتايىن بىرىم بولدى.

ئۇ جىددىيلىكنى تۇۋەن ئېلىپ تۇرۇپ: «پەقەت سىزلا ياخشى كۆرسىڭىز، مەن سىزدىن رازى» دېدى. يۈچىننىڭ چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان بۇ سۆزى خەن شۋاڭچىڭنى قەۋەتلا خوش قىلدى. ئۇ، يۈچىننى بىلىرىگە مەھكەم بېسىپ، ئۇزاقتىن ئۇزاق سۆيدى.

خەن دېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوغلىنىڭ چياۋيۈچىن بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش ئۈمىدىنىڭ تۇرسۇن، بەلكى تېخىمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

1995 - يىلىنىڭ بېشىدا خەن دېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى شەھەرلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پاش ئەترىتىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

1995 - يىلى 9 - ئايدا خەن شۋاڭچىڭ بىلەن چياۋيۈچىن ئىككىسى يېڭى ئۆينى رەتلەپ، تويلۇق بۇيۇملارنى تەييارلاپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توي قىلىمىز دەپ تۇرغاندا، ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قىزنىڭ توي كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان مەزگىلدە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەينى يىلدا دېيشكىنى بويىچە يىراق شىنجاڭدا تۇرىۋاتقان خې چۈنلەنگە بىر پارچە جىددىي تېلېگرامما سالدى. خې چۈنلەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭدىن فېڭجۇغا يېتىپ كەلدى. چياۋيۈچىن ئەزەلدىن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان كىچىك ھاممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ناھايىتى يىراق جايدىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خوشاللىقىدىن يىرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى ھەمدە بۇ خەۋەرنى خەن شۋاڭچىڭغا يەتكۈزۈپمۇ ئۈلگۈردى. شۇ كۈنى كەچتە



بۇ ئىككىسى ئۆزلىرى بىر قوللۇق تاماق ئېتىپ، كىچىك ھامىسىنى مېھمان قىلدى. خې چۈنلەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىسىنى ناھايىتى ئىززەتلەپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ، شۇ يەردىلا چياۋيۈچىنگە توي ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن سوۋغا قىلىپ، سىزگە ھېچقانداق زىننەت بۇيۇمى ئالالمىدىم. بۇ ئازغىنە پۇل مېنىڭ كىچىككىنە كۆڭلۈم دېدى. چياۋيۈچىن ھامىسىنىڭ ئۆزىگە بۇنچىۋالا كۆپ پۇل سوۋغا قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىدا: «ھامامىنىڭ شۇنچە يىراق يەردىن تويىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى بىز ئىككىمىزنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى، لېكىن بۇ پۇلنى... » دېيىشىگە، خې چۈنلەن: « نېمە، ھامىڭىز سىزنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئېلىشىڭىزغا ئازراق پۇل سوۋغا قىلسا بولمامدىكەن؟» دەپلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى. «سىز كىچىك چاغلىرىڭىزدا ھامىڭىز سىزگە بەك ئامراق ئىدى. ھامىڭىز بەرگەندىن كېيىن ئېلىڭ ئەمدى! پەقەت ھامىڭىزنىڭ بۇ كۆڭلىنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولدى! » چياۋيۈچىن ئانىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئامالسىز پۇلنى قوبۇل قىلدى.

ئەتىسى، چياۋيۈچىن كىچىك ھامىسىنى يېڭى ئۆيگە بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. خې چۈنلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئەينەك تاختىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇلغان خەن شۇاڭچىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بۇرۇن بىرگە چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرۈپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى -دە، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ سۈرەتتىكى كىشىنىڭ ئۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى ناھايىتى تەستە يوشۇرۇپ، خەن شۇاڭچىڭدىن «دادىڭىزنىڭ ئىسمى خەن دېيىنمۇ؟» دەپ سورىدى. خەن شۇاڭچىڭ ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن، ئەجەبلىنىپ: «ھاما، سىز دادام بىلەن تونۇشامسىز؟» دەپ سورىدى. خې چۈنلەن سەل جىددىيلىشىپ، «مەن دادىڭىز بىلەن كىچىك ۋاقتىمىزدا بىللە ئوقۇغانغۇ دىمەن، ئېسىمدە شۇنداقراق تۇرىدۇ» دېدى. خې چۈنلەن بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، چىرايى تاتىرىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ بېشىم بەكلا ئاغرىپ كەتتى، دەپ يالغان سۆزلەپ، ئالدىراپ - تېنەپلا قايتتى.

خې چۈنلەن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، چياۋيۈچىننىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھەممە ئىشنى چياۋ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېيتىپ بەردى. چياۋ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭلا قالدى.

چياۋ ئائىلىسىدىكىلەر تەقدىرىدىن ئاغرىنىپ، بۇنداق بەختسىزلىك نېمىشقا بىچارە قىزىمىزغا كەلگەندۇ، دەپ زارلىنىشتى.

## دادىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قامايتۇ

ئەسلىدە خې چۈنلەن چياۋيۈچىننىڭ ھامىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئىدى. بۇنىڭدىن 21 يىل ئىلگىرى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن خې چۈنلەن بىر قېتىملىق ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ياش خەن دېيىن بىلەن تونۇشۇپ قالدى. خەن دېيىننىڭ جەزبىدارلىقى ۋە كۆپنى كۆرگەنلىكىدەك تۇرۇنلۇق سۆزلىرى ياش ھەم چىرايلىق خې چۈنلەننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. خې چۈنلەن مۇھەببەتنىڭ تورىغا پۈتۈنلەي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنى



مـەھلىيا قىلغان ئەرنىڭ خوتۇنى بار بىر مۇھەببەت ئالدامچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ چاغدا خې چۈنلەن ئازابلىنىپ بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالغىلى تاسلا قالغانىدى. ئۇ بۇ نومۇسسىز ئەر بىلەن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ بويىدا قالغانىدى. چىقىش يولى قالمىغان خې چۈنلەن بۇنىڭ بىلەن خەن دېيىنغا شەرت قويۇشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ ئەگەر خەن دېيىن خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزىنى ئالمايدىغان بولسا، بۇ سەتچىلىكنى خەلقئالەمگە يېيىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەن دېيىن بولسا بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىشىدىن قورقۇپ، خې چۈنلەننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئاق كۆڭۈل، ساددا خې چۈنلەن ئۇنىڭ گېپىگە يەنە ئىشىنىپ، خەقنىڭ ئۇسەك سۆز تاپماسلىقى ئۈچۈن، قېڭجۇدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن تالاغا چىقماي ئولتۇردى. ئۇ ھازىرقى قىزىنى يەڭگىگەندىن كېيىن، خەن دېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى كىم بىلسۇن، خەن دېيىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى. چوپچوڭلا بىر قىز بۇنداق بىر سەتچىلىكنى چىقىرىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارىسۇن! ئۇ بۇنىڭ بىلەن قىزىنى توي قىلىپ بىر نەچچە يىل ئۆتۈپمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن چياۋ ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق چياۋبىڭسىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى خې چۈنلەنگە ھېسداشلىق قىلىپ، بۇ سىرنى مەڭگۈ مەخپىي تۇتىدىغانلىقىغا، بۇ قىزنى چوقۇم ئوبدان بېقىپ قاتارغا قوشىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. خې چۈنلەن قىزىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا، قاتتىق يىغلاپ، قىزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ: «ئاچا، مېنىڭ سىزگە بىرلا تەلىپىم بار، ئۇ بولسىمۇ، مەن مەيلى نەدە بولاي، قىزىم توي قىلىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ توي خەۋىرىنى ماڭا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز!» دەپ ئۇلاردىن ئۆتۈندى، ئۇلارمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «سىڭلىم سىز بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ بالا سىزنىڭ پۇشتىڭىز، بىز چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى.

مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھەم بىچارە قىزىدىن ئايرىلغان خې چۈنلەن خەن دېيىنگە قاتتىق نەپرەتلىنىپ، شەنشىدىن ئايرىلىپ، چېگرا رايون شىنجاڭغا كەلدى. ئۇ شىنجاڭدا تۇرغان 20 نەچچە يىلدا ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئىناق ئائىلە قۇرۇپ، قەلبىدىكى ھېلىقى جاراھەت يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن قىزىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ چياۋ ئائىلىسىنىڭ ھەر قېتىملىق خېتىدىن قىزىنىڭ ساغلام چوڭ بولىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندا ئىچىدە ئاچچىق يىغلىدى. ئۇ بۇ قېتىم قىزىنىڭ توي قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەسلىكىگىمۇ قارىماي، ھەم خۇشاللىق ھەم ئازابلىق ئىلكىدە يولغا چىقتى. ئۇ قىزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ قىزىنىڭ دادا بىر ئاكىسى بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. خې چۈنلەن بىلەن خەن چياۋ ئائىلىسىدىكىلەر بىر نەچچە رەت مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئىشنى يوچىنگە ۋاقىتنچە ئېيتماي، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىدىيە جەھەتتىن خىزمەت ئىشلەپ بېقىشنى قارار قىلىشتى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، چىياۋ بىڭسىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى يۈچىننى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. «يۈچىن، ھاممىڭىز بۇ قېتىم سىزنى ئېلىپ كېتىشكە كەپتۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىدى چىياۋ ئانا ئۇنىڭ رايىنى سىناش ئۈچۈن، بىراق يۈچىن تۇزلا: «ھېچيەرگە بارمايمەن، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن ئايرىلمايمەن» ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە گەپنى ئەگىتىپ، شۇ مەسىلىگە تاقاپ مۇنداق دېدى: «ھاممىڭىز يات كىشى بولمىغاندىكىن، ھاممىڭىزنىڭ بۇ نىيىتىنى يەنە ئويلىشىپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇاڭچىڭ بىلەن بولىدىغان تويڭلارغا ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى باشتىلا قوشۇلمىغان، گەرچە ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولسىمۇ، شۇاڭچىڭ ھەر نېمە دېگەن بىلەن خەقنىڭ بالىسى، بىز سىزنىڭ كېيىنچە خەن ئائىلىسىدە دىشۋارچىلىقتا قېلىشىڭىزدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز. توي ئىشى دېگەن چوڭ ئىش، بۇ ئىشنى سەگەكلىك بىلەن ئەتراپلىق ئويلىمىسا، بولمايدۇ». ئەقىللىق يۈچىن ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىر نەرسىنى پەملەپ ئانىسىدىن: «ئانا، شۇاڭچىڭ بىلەن ئىككىمىز نەچچە يىل ئارىلىشىپ يۈردۇق، سىلەر نېمىشقا بۇرۇنراق بۇنداق گەپنى قىلماي ئەمدى تويۇقسىزلا دەپ قالدىڭلار، سىلەر بىرەر گەپ ئاڭلاپ قالدىڭلارمۇ، قانداق؟» دەپ سورىدى. «قايسى ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، خەن ئائىلىسىدىكىلەر بىز چىياۋ ئائىلىسىدىكىلەرنى ياراتمايدۇ، چىياۋ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قىزىغا ئەر چىقماي قالامتى، ھاممىڭىز سىز شىنجاڭغا بېرىشقا ماقۇللا بولسىڭىز، كېيىنكى توي ئىشلىرىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيىتتى». يۈچىن ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ بارغانسېرى قەتئىيلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ: «ئانا ھازىر قايسى زامان، ئاقمايدىغان گەپنى قىلىۋېرىدىكەنسىز، مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن» دېدى. چاۋيۈچىننىڭ ئانىسى خېلى بىر ھازا سۆزلەپمۇ، ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرالمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقلانغان ھالدا، «راست گەپنى سىزگە ئېيتىۋېرەي! ئىككىڭلارنىڭ توي ئىشىڭلارغا بىز ۋە ھاممىڭىز قوشۇلمايمىز» ، دېدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئانىسىغا: «شۇاڭچىڭ بىلەن توي قىلىش - قىلماسلىقنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن، بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارىلاشمىسۇن» ، دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئىككىسىنىڭ توي كۈنى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. چىياۋ ئەر - خوتۇن بىلەن خې جۇلەن يۈچىننى شۇاڭچىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشكە قايىل قىلالىشىنىڭ تەسلىكىنى سېزىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى قىزىغا ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. يۈچىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭ راستلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەي، بۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توي ئىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان گەپ دەپ ئويلاپ، ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئاتا- ئانىسى بىلەن جېدەللەشتى.

شۇ كۈنى كەچتە، خې جۇلەن يۈچىننىڭ خانىسىغا كىرىپ، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنى ئالدىمىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. خې جۇلەن كۆز ياشلىرىنى تۇختىتالماي ئۆز قىزىغا: «بۇنىڭ ھەممىسى بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ خاتا قىلغانلىقىمىزدىن بولدى، بۇ ئەمدى سىلەرنى مۇشۇنداق ئازاپقا قويدى، بىز گۇناھ قىلدۇق! » دەپ ھەسرەت چەكتى. يۈرىكى پۇچىلانغان چىياۋيۈچىن ئۆز ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئازابلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ، ئۆزگۈشىنى يىگۈدەك بولۇپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭمۇ بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىختىيارسىزلا ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى، ئىككىسى بىر ھازا تازا يىغلاشتى.

## بىمەنە مۇھەببەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، خەن شۇاڭچىڭ باۋجىدىن فېڭجۇغا قايتىپ كەلدى، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ فېڭجۇغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتناشماقچى بولغانلىقىنى يۈچىنگە ناھايىتى خوشال ھالدا ئېيتماقچى بولغاندا، ئويلىمىغان يەردىن يۈچىننىڭ ھاممىسى بىلەن شىئەنگە كېسەل كۆرسەتكىلى كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى. خەن شۇاڭچىڭ دەسلەپتە شۈبھىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈچىننىڭ ھاممىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەزەلدىن ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇنداق بولۇشى ئېھتىمال دەپ ئويلاپ، ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، خەن شۇاڭچىڭ سەل جىددىيلىشىپ، چىياۋ ئائىلىسىگە يۈچىنلارنىڭ خەۋىرىنى ئۇققىلى باردى. يۈچىننىڭ ئانىسى شۇاڭچىڭنى ئازابلاپ قويماسلىق ئۈچۈن، «توي كۈنىنى سەل ئارقىغا سۈرەيلى » ، دېدى. شۇاڭچىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

29 - كۈنى شۇاڭچىڭ يۈچىننىڭ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ شىئەنگە بارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، يۈچىنلارنىڭ قايسى دوختۇرخانىغا بارماقچى بولغانلىقىنى سورىدى. يۈچىننىڭ ئانىسى ئوڭايسىز ھالەتتە قېلىپ، ياخشى كۆڭلى بىلەن شۇاڭچىڭغا تەسەللى بېرىپ: «ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى، بىزمۇ يوشۇرۇپ بولالمىدۇق، يۈچىننىڭ ھاممىسى ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەتتى. بۇ، ئۇنىڭ سىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن خېتى، خەتنى كۆرگەندىن كېيىن ھەممىنى چۈشىنىسىز» ، دېدى.




FAZHIZONGHENG

شۇاڭچىڭ يۇچىنىنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، خېلى بىر هازاغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى. ئۇ يۇچىنىنىڭ ئانىسىنىڭ قولىدىن خەتنى سىلكىپلا ئالدى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى:

- شۇاڭچىڭ ئاكا، مېنىڭ سىز بىلەن خوشلاشمايلا ماڭغىنىمنى كەچۈرۈڭ، سىز بۇ خەتنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا مەن هامىمام (ئۆز ئانام) بىلەن يىراق شىنجاڭغا بېرىپ بولۇشۇم مۇمكىن، راست گەپنى قىلسام، مەن سىزنىڭ دادا بىر ئاكام ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇققان چېغىمدا ئاچچىقىمدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. يۈرىكىم سوقۇۋاتقان بىلەن روھىم بۇنداق قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. هەتتا شۇ چاغدا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم. بىراق، قايغۇرغانىنىڭ، ئازابلانغانىنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ئەمدى بىزگە هېچقانداق تاللاش پۇرسىتى قالمىغانىدى. تەقدىرىمىزنى تەڭرىم مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ئوخشايدۇ. تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق. مېنىڭ سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، بۇرۇن بىز مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، مەن سىزنى ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدىم، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاكام بولۇپ قالدىڭىز، شۇنداقتىمۇ هازىرمۇ سىڭلىسى ئاكىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن، مەن سىزنىڭ ئازابلانغان هالىتىڭىزنى كۆرۈشنى خالىمىغاچقا، سىز بىلەن مۇشۇ ئۇسۇلدا خوشلىشىشنى لايىق كۆردۇم، سىزنىڭ مەندىن ئاغرىنماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن........

سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرگۈچى سىڭلىڭىز: يۇچىن

«ئاه، تەڭرىم، سەن قارىغۇ بولۇپ قالدىڭمۇ، نېمىدەپ مېنى مۇشۇنداق دىشۋار چىلىققا سالىسەن!» خەن شۇاڭچىڭ بىر تەرەپتىن خەتنى ئۇششاق يىرتىپ تاشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، بۇ چوقۇم يالغان، سىلەر مېنى ئالداۋاتىسىلەر، نېمىشقا سىزمۇ مېنى ئالداۋاتىسىز!» دەپ ۋارقىراپ، جاقىراپ ئالەمنى بېشىغا كەيدى. چياۋ بىڭسىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى شۇاڭچىڭنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە خەن دېيىنغا دەرهال تېلېفون بېرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويدى.

چوغنى ياختا ئىچىدە ساقلىغىلى بولمىغىنىدەك، خەن شۇاڭچىڭنىڭ ئانىسى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ماهىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن خەن دېيىندىن هېساب ئېلىشقا باشلىدى. خەن دېيىن بىر تەرەپتىن خوتۇنىنىڭ ئاللا - توۋا ئېيتىپ، كۆزىگە كىرىۋېلىۋاتقانلىقىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. 20 يىل ئاۋۋال باشقىلارغا سالغان ئۇۋالچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىگە يېنىشى ئوخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. مانا ئەمدى بىر ياخشى ئائىلە بىردىنلا «جەڭ» مەيدانىغا ئايلاندى.

خەن دېيىن مەيلى ۋىجدان ئازابى تارتسۇن ياكى خوتۇنى ۋە ئوغلىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىسۇن، بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسى ئىدى. بىگۇناه ئوغلى بۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئەلىك بەدەل تۆلىدى، خەن شۇاڭچىڭ قاتتىق روهىي زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن هەر قانداق قىلىپمۇ بۇ ئازابتىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىدىن مەهرۇم بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇنيادا ياشىغانىنىڭ نېمە ئەهمىيىتى بولسۇن دەپ ئويلاپ، ئۆلىۋالماقچى بولۇپ، ئۆيدە ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گاز تۈڭنىڭ جۈمىكىنى ئېچىۋەتتى، بىراق بۇ ئىشنى قوشنىسى بايقاپ قالدى. خەن شۇاڭچىڭ شۇنىڭدىن كېيىن هېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدى، روهىي جەهەتتىن تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ روهىي هالىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشلىرى قالمىدى، هەتتا تاغلىق رايوندىن يۆتكەپ كەلدى. ئەپسۇس، مۇهىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ روهىي هالىتىدە هېچقانداق ئۆزگىرىش هاسىل قىلالمىدى. ئۆيدە بولسا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۆيدىنىمۇ شامال ئۆچۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئەهۋال خەن دېيىنىمۇ ئازابلاپ خېلىلا قېرىتىپ قويدى. شۇاڭچىڭنىڭ ئانىسى بولسا ئوغلىنى بۇ هالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن هەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا لايىق تېپىش يولىدا ئاۋارە بولدى، لېكىن ئىككى ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا تاپقان لايىقلار ئوغلىنى ئىزدىمەيدىغان بولۇپ قېلىشاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جياۋيۇچىن خەن شۇاڭچىڭنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەتكەنىدى.

هېچقانداق ئامالى قالمىغان خەن دېيىن 1998 - يىلى 5 - ئايدا ئوغلىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار چياۋيۇچىننىڭ توي قىلىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ بولغانلىقىنى كۆردى. شۇاڭچىڭنىڭ روهىي هالىتى شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

مەيلى خەن شۇاڭچىڭنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، دادىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ كۆڭۈل يارىسى ئۇنىڭ بۇ ئىككى بالىسىنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ ئازابلايدۇ.

قاهار (ت)



FAZHI ZONGHENG





# ستودېنت قىزنىڭ يولدىن چىقىشى

گورۆي



## ئىنژېنېرنىڭ تۇنجى تەسىرى

چىن 1973 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان گۈزەل خۇڭخۇ كۆلى بويىدىكى شىنتى بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇ 1993 - يىلى 7 - ئايدا ۋۇخەندىكى بىر پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش بېزەكچىلىكى كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ھازىر جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان ھەم كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان بۇ كەسپنى تېزلا ياقتۇرۇپ قالدى، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى.

چىننىڭ ئاتا - ئانىسى ماڭاشقا تايىنىدىغانلاردىن بولۇپ، چىننىڭ ھەر يىلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 3000 يۈەن ئوقۇش پۇلىنى تۆلىگەندىن باشقا، ھەر ئايدا تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، قىزىغا 200 يۈەن تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى، چىن يۇنچىلىك قىلىشنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئەمما ئۇ ئاۋات شەھەر كوچىلىرىغا چىقىپ رەڭگارەڭ دۇنياغا نەزەر تاشلىغاندا، مەكتەپ ئىچىدە پوزۇر ياسىنىپ يۈرگەن ئوغۇل - قىزلارنى كۆرگەندە ئۆز ھالىدىن ئۆكۈنەتتى.

ئالىي مەكتەپتىكى 2 - ئوقۇش يىلىنىڭ 2 - مەۋسۇمىدە چىن ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەيدىغان بىر خىزمەت تېپىپ ئائىلىسىگە چۈشۈۋاتقان ئىقتىسادىي يۈكنى يېنىكلىتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇنداق بولغاندا ئەمەلىيەت بىلىمى ئىشىپلا قالماي، ئىشلەش جەريانىدا مۇۋاپىق بىر ئۆگەنچىلىك ئورنى تاپقىلى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قىلىپ قالغىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ياشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئۇ 1995 - يىلى 5 - ئايدا خەنكو سەنيەنجاۋدىكى پېكچىڭ بېزەكچىلىك شىركىتىگە ئىشقا چۈشتى. بۇ خېلى ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە شىركەت ئىدى. ئۇ شىركەت بىلەن توختاملاشتى: ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپتە دەرسكە قاتنىشىدىغان، چۈشتىن كېيىن شىركەتتە خىزمەت قىلىدىغان، ئېيىغا 400 يۈەن مائاش ئالىدىغان بولدى.

چىن لايىھەلەش ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لايىھەلەش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى، 57 ياشلىق ئالىي ئىنژېنېر ليۇ ئۆز ئىشخانىسىغا مۇلايىم ھەم تىرىشچان ستۇدېنت قىزنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولەكچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتتى. قول قولىغا تەگمەي چىنغا لايىھەلەشنى ئۆگەتتى. چىن دەرسكە بارغاندىن باشقا ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى خىزمەتكە قاراتتى، ئۇ جاپاغا چىدامىلىقلىقى، تىرىشچانلىقى بىلەن شىركەتتىكى ھەممەيلەننىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، ليۇ بولسا ئۇنى تېخىمۇ بەك ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئىشتى بولسىدۇر - بولمىسىدۇر نەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. شىركەت خۇڭچاڭ كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىنىڭ پار مونچىسىنى لايىھەلەشنى كۆتۈرە ئالغاندا، ليۇ لايىھەلەش ئىشىنى چىننىڭ مۇستەقىل ئىشلىشىگە تاپشۇردى. ئەمەلىيەتتە بولسا چېرتيوژ سىزىش، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، مونچا شەكلىنى سىزىپ چىقىش، ھېسابلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ليۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى.







بىر كۈنى كەچلىك ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىگەندە، ليۇ ئۇنىڭغا ئىزچىل ھەمراھ بولدى، ئىش ئاخىرلاشقاندا ليۇ ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. غىزالىنىش بىلەن تىكىلگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى خۇاڭپى ناھىيىسىدە «خۇاجۇڭ بىرىكمە ئاليۇمىن ماتېرىياللار زاۋۇتى» بارلىقى، تىزىملاتقان مەبلىغىنىڭ 10 مىليونغا يېتىدىغانلىقى توغرىسىدا پو ئاتتى، تېخى چىنغا تىجارەت گۇۋاھنامىسى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى. چىنىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى تەقسىماتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى گەپكە كەلگەندە، ليۇ قىزغىنلىق بىلەن: «مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن سىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىشىڭىزغا ياردەم قىلىمەن»، دېدى. ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى، چىنىنىڭ ئوقۇش بىلەن خىزمەتنىڭ ھەر ئىككىسىدە ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ليۇ ئۇنىڭغا ئاتايىن چاقىرغۇ ئېلىپ بەردى، چىن بولسا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ ئۇستازىدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولدى.

## نوپۇس ۋە خىزمەت ئۈچۈن بېقىنىش

1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ بېشىدا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىل مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە تەشكىللەپ، شاڭخەينىڭ پۇدۇڭ رايونىغا ئېلىپ باردى، پائالىيەت جەريانىدا چىن پېڭچېڭ شىركىتىدە ئۆگەنگەن تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا ئۇ شادلىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا مەكتەپكە قايتتى. ئەتىسى ليۇ بىتاقەتلىك بىلەن ئۇنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ چىنغا كىيىم ۋە گىرىم بويۇملىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. چىن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلدى. ئۇ: ليۇ ئىنژېنېر ئاتام بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ قىزى مەندىن تېخى 2 ياش چوڭ، شۇڭا ئۇ ماڭا غەيرىي نىيەتتە بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

شۇندىن كېيىن ليۇ چىننى كېچىلىك غىزالىنىشقا، چايغا، باغچا ئايلىنىشقا، تانسىخانىلارغا دائىم تەكلىپ قىلىپ تۇردى. بىر كۈنى ليۇ چىنىنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئۇ ياتاقنىڭ قىستاڭچىلىقىنى، ياتاقتىكى بىر نەچچە قىزنىڭ ئۆزىگە سوغۇق نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىئەپ ھېس قىلدى ھەم چىنىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشىغا قولايلىق بولۇشى يەنە بىر تەرەپتىن «يوقلاپ» كېلىشكە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سىرتتىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

چىن كوللېكتىپ ياتاقتىن ئاللىقاچانلا زېرىككەن ئىدى، ئۇ ليۇنىڭ ئۆزىگە ئۆي ئىجارە ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خوشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. 1995 - يىلقى دۆلەت بايرىمىدا ئۇ خوشال - خورام ھالدا مەكتەپكە يېقىن جايدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ليۇ چىنىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ھەر ئايدا تۆلىنىدىغان 100 يۈەن ئىجارە ھەققى ۋە 200 يۈەن تۇرمۇش پۇلىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ۋەدە بەردى.

ليۇ چىنغا ئۆي ئىجارە ئېلىپ بېرىپ، ئاشخانا سايمانلىرىنى تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، خوتۇن - بالىلىرىدىن يوشۇرۇنچە چىنىنىڭ ياتىقىغا قاترايدىغان بولۇۋالدى، ئۇنىڭغا گۆش - كۆكتات ئالغاچ باردى، ئۇنى ئويۇن - تاماشاغا ئېلىپ باردى. بەزىدە تېخى چىنىنىڭ لايىھىلەپ سىزىپ چىقىشى ئۈچۈن چىرتيوژ ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئالغاچ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ چىنىنىڭ ئىش ھەققىگە نەچچە ئون، نەچچە يۈز يۈەنلەپ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ھەققى قوشۇلۇپ تۇرىدىغان بولدى. قىسقىغىنە 2 ئايدىن كېيىن، چىن يۈز - كۆزىدىن گىرىم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئالىي دەرىجىلىك كىيىم، ئېسىل زىننەت بويۇملىرىنى تاقىغان، چاقىرغۇ ئاسقان بىر سەتەڭگە ئايلاندى. چىن ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولدى.

ليۇ ئۇنى يەنە خەنكونىڭ ليۇدۇچياۋ دېگەن يېرىدىكى تيەنبى بىناسىدىن ئۇنىڭغا ئاتاپ سېتىۋالغان تاۋار ئۆيىنى كۆرگىلى بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان ئۆيدە ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا چىنغا: «بۇ ئۆيدىن رازىمۇسىز؟» دەپ سورىدى. چىن خىجىل بولغىنىدىن ۋىللىدە قىزاردى. ليۇ يېنىدىن باشقىلارنىڭ 200 مىڭ يۈەن ئۆتنە ئالغانلىقى توغرىسىدىكى تىلخەتنى چىقىرىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا مەن مىليونېر دېدى. ئاندىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسە چىننى

ۋۇخـەندىكى ئۇنۇمى ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا يەنە ۋەدە بەردى.

ئوقۇش پۇتتۇرىدىغان كۈنلەرمۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنلىكى، ليۇ چارچىغان هالدا چىننىڭ ياتىقىغا كەلدى، ئۇ: بىر نەچچە كۈندىن بېرى سىزگە خىزمەت ئۇقۇشتۇم، بەكمۇ چارچاپ كەتتىم، باش - كۆزۈمنى يۇيۇۋېلىشىمغا ياردەملىشىڭ، ئۇستىبېشىمنى ئۆزۈلاپ قويۇڭ، دېدى. چىن بولسا ئۇ مېنى دەپ جاپا چېكىۋاتقاندىكىن، دەپ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى. ليۇ چىننى قۇچاقلاپ كارىۋاتقا باسقاندا، چىن ئاللاقزادە بولغان هالدا ليۇغا قارشىلىق بىلدۈردى. ليۇ بولسا: «نۇرغۇن ئاياللار بايلىقىمنى كۆزلەپ ماڭا يېقىنلاشماقچى بولغان بولسىمۇ مەن نەزەرىمنى سالمىدىم، مەن سىزنىلا سۆيىمەن، گېپىمگە كىرسىڭىزلا نوپۇسىڭىز بىلەن خىزمەت ئىشىڭىزنى ئۆزۈم توغرىلايمەن»، دېدى. چىن ليۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشى ئاستىدا گاراڭ هالەتكە كىردى، ئاخىرىدا بولسا قىزلىق ئىپپىتىنى ئاتىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئەرگە تاپشۇردى.

## نورمال سۆيگۈگە تەلپۈنۈش

چىـن ليـۇنـىڭ بەدىنىنى ئۆزۈلاپ قويغان ۋە كارىۋات ئۈستىدىكى نورمالسىزلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، چىننىڭ ئوقۇشقا كۆڭلى تارتماي دائىم دەرسكە كېچىكىدىغان، دەرس قالدۇرىدىغان بوپ قالدى. ئۇ ليۇدەك كۈچلۈك تىرىكىم تۇرغان يەردە نەتىجەم قانداق چىقسا بەرىبىر ئەمەسمۇ، ئىشقىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرسەم ئىشلىرىمغا ليۇ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

بىلـىـنـمـەيلا 1996 - يىلى 5 - ئاي يېتىپ كەلدى. سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى پۈتۈن زېهنى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىهانى تەييارلىقىغا كىرىشكەندە، چىن ليۇغا هەمراھ بولۇپ باغچىلاردا، تانسىخانىلاردا سەيلە، بـەزمىدە بولدى، ئوقۇش نەتىجىسى مەكتەپنىڭ تەلىپىگە يەتمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ ئوقۇش زۆرۈر بولغان 2 پەندە ۋە بىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئـۆگـەنچـىلـىك دەرسىـدە لايـاقـەتسـىـز بـولغان ئىدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيتتى.

يازلىق تەتىل بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلىرىنىڭ هەممىسى كېتىپ بولغاندا، چىن تولۇقلاپ ئىمتىهان بېرىش ئۈچۈن مەكتەپتە قالدى. ئـۇمىدسـىـزلـىككە چۆككەن چىن ليۇنىڭ ۋەدىلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. كۆڭلىدە بوزەك قىلىنغاندەك، ئەخمەق قىلىنغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى، ئۇ ليۇنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولدى، بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، تولۇقلاپ ئىمتىهان بېرىشكە تەييارلىق قىلدى.

9 - ئايدا يېڭى بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاندى، مەكتەپنىڭ 94 - يىللىق قۇرۇلۇش كەسپىدىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى خې چىننىڭ مـەيۈس، چۈشكۈن هالىتىنى كۆرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. خېنىڭ چىرايلىق چىنغا كۆڭلى بار ئىدى. ئۇ چىننىڭ ئىمتىهاننى تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن مەكتەپتە قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېـيـىـن ئـۇنـىڭغـا تەسەللى بەردى، ئىلهام بەردى. چىن روهىي بۇرۇختۇملۇقتا قالغاندا ئۆزىگە ياردەم قىلغىنى ئۈچۈن كۆڭلىدە خېدىن مىـنـنەتدار بولدى، بېرىش - كېلىش نەتىجىسىدە چىن سەندۇڭنىڭ يىمىڭشەن رايونىدىن كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ بەستلىك، ئۇچۇق - يورۇق، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى بولۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقى بىلەن ئاللاقاچان قېرىلىققا قەدەم قويغان، ئاجىزلىشىشقا باشلىغان ليۇدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى هېس قىلدى.

چىن ليۇ بىلەن بىنورمال بېرىش - كېلىش قىلىشنى خالىماس بـولدى، ليـۇدىـن يـىـراقلىـشـىـشـقـا باشلىدى، نورمال سۆيگۈگە تەلپۈندى.

ليـۇنـىڭ چىننى قويۇۋېتكۈسى يوق ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ليۇ چىننىڭ ئۆيىگە تىمىسقىلاپ بېرىپ، خېنى كۆردى. ليۇ قوپاللىق بىلەن: باشقا ئەرلەر بىلەن ئارىلاشماڭ، مۇهەببەت ھەققىدە سۆزلىشىڭىزگە تېخىمۇ بولمايدۇ! دېدى.

## تالاشتا قېلىش

خې چىن بىلەن بىر مەزگىللىك ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن، چىنغا مـۇهەببىتىنى ئىزهار قىلدى، ئىككىسى مۇهەببەتلەشتى. چىننىڭ دىلى خېجىللىقتا تولدى.

بىر قېتىم چىن كېسەل بولۇپ ئاغرىقخانىدا ياتقاندا، خې ئۇنىڭ دورا ئېلىش، تاماق تۇشۇش، كىيىملىرىنى يۇيۇش ئىشلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ هالىدىن خـەۋەر ئـالدى. دوختۇرخانىدا بىر هەپتە يېتىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن، هېرىپ هالىدىن كەتكەن خېغا قاراپ، تەسىرلەنگەن چىن كـۆزلـىرىـگە لىققىدە ياش ئالدى. ئۇ خېنىڭ ئۆزىگە قويغان چىن مۇهەببىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. بۇ چاغدا خې چىننىڭ ليۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ياش ئاشىق - مەشۇقلار پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

هەقىقىي سۆيگۈ چىنغا كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتكەن ئىدى. ئۇ پـۈتۈن زېهنى بىلەن دەرس تەكرارلاپ تولۇقلىما ئىمتىهان بېرىشكە هازىرلانغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ليۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ قانچە قېتىم ئىجارە ئالغان ئۆيدىن مەكتەپنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر قاتارىدا مەكتەپتىن ئايرىلىشقا تېگىشلىك ئوقۇغۇچى بولغاچقا، ياتاق باشقۇرۇش بۆلۈمى ئۇنىڭغا ياتاق ئاجرىتىپ بېرىشكە ئامالسىز ئىدى، باشقا جايدىن ئـۆي تېپىپ ليۇنىڭ كۆزىدىن نېرى بولاي دېسىمۇ، ئۆزىنىڭ هەم خېنىڭمۇ ئۆي ئىجارىسى، تۇرمۇش خىراجىتىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمىگەچكە، هـە دېگەندىلا ليۇنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايتتى. چىن ئىككى ئەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قالدى.



بىر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىنلىكى، خې چىننىڭ يېنىغا ليۇ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ليۇنىڭ چىنغا ئاچكۆزلەرچە تىكىلىشى ۋە ھەجىيىشلىرى خېنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. چىن سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بولغان ئىشلارنى ياش تۆككەن ھالدا بايان قىلدى. ئىلگىرى خاتا يولدا ماڭغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ خېنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، كەچۈرۈم قىلىشىنى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەگمەسلىكنى ئۆتۈندى، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىدا ئۇنىڭغا پۈتۈن مېھرىنى بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ياخشى خوتۇنى بولىدىغانلىقىنى، خېدىن ئايرىلىپ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى تۈزۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

## يالغاچ سۈرەت ئارقىلىق پۇل ئۈندۈرمەكچى بولۇش

ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خېنىڭ دىلى غەش بولدى، ئەقلىي ۋە ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدا ئازاب چەكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلمىقى قىيىن ئىدى، ئويلانغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى تىغ تەگكەندەك ئازابلىناتتى، چىن بىلەن ئالاقىنى ئۈزمەي دېسە مۇھەببەت ھېسسىياتى يول قويمايتتى، مۇھەببەتلىشىشنى داۋام قىلىۋېرەي دېسە، ھېلىقى لۈكچەكنىڭ خۇنۈك سايىسى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. تېخىرقاش ئىچىدە ئۇنىڭ دىلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى: بۇ شەھۋەتپەرەس ئابلەخنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇ ليۇغا چىننىڭ ياشلىق باھارىنى نابۇت قىلغانلىقىغا پۇل تۆلىتىش ئارقىلىق دىل ئازابىنى يېنىكلىتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆچ ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، پەيشەنبە، ھاۋا تۇتۇق بولۇپ سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. خې بىلەن چىن بىللە كەچلىك تاماقتىن يېنىپ، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى. ئەتىگەن سائەت 9 دىن ئاشقاندا، چىننىڭ چاقىرغۇچىسى 3 قېتىم سايرىدى. ئەسلىدە ئۇنى ليۇ تېلېفون قايتۇرۇشقا ئالدىرىتىۋاتاتتى. خې ئاچچىقتىن چىرايى كۆكەرگەن ھالدا غەزەپ بىلەن: «ئۇ داۋاملىق مۇشۇنداق چاپلىشىۋالىدىغان بولسا، قاتتىق ئۆچ ئالماي قويمايمەن!» دېدى. خېنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگىشىگە چاقىرغۇ 4 - قېتىم سايرىدى. چاقىرغۇدا «ليۇ سائەت 10 دا سىزنى ئىزدەپ بارىدۇ، ساقلاڭ!» دېگەن خەت چىقتى. ئاچچىقتىن خېنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى. ئۇ ئۆچ ئېلىشقا ئىسپات تەييارلاش ئۈچۈن، چىننى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. ئەمما ئۇ ساندۇقلارنى ھەر قانچە ئاختۇرۇپمۇ ئىسپات بولغىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدى. ئۇ ئىزدەپ يۈرۈپ چىننىڭ فوتو ئاپپاراتىنى تاپتى، ئۇ مانا بۇ ئارقىلىق ئىسپات تەييارلاش كېرەك دېگەن پىكىرگە كەلدى، ئۇ چىنغا: «ئۇ سىزنى ئەخمەق قىلدى، ئىككىمىز دەلىل - ئىسپات ئارقىلىق ئۇنى جازاغا ئۇچرىتىشىمىز، ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلىتىشىمىز كېرەك، سىز ئۇنىڭغا ساقلاۋاتالىدىڭىز توغرىلىق تېلېفون قايتۇرۇڭ. ماسلىشىپ يالىڭاچ سۈرەت تارتتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق نۇرغۇن پۇل ئېلىپ ئاندىن ئىشنى ئاخىرلاشتۇرايلى.» دېدى. چىن دەسلەپىدە بىرەر چاتاق چىقمىغىيدى دەپ قورققان بولسىمۇ، سۆيگىنىنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن ماقۇل بولدى.

ليۇ ئېچىلىپ - يايرىغان ھالدا چىننىڭ ئۆيىگە كەلدى. چىن دىلىدىكى غەزەپ - نەپرىتىنى قاتتىق بېسىۋېلىپ، ليۇ بىلەن پاراڭلاشتى، ئۇنىڭ باش - كۆزىنى يۇيۇشقا ياردەملەشتى. ليۇ چىننىڭ كىيىمىنى يېشىشكە قول ئۇزاتقاندا، چىن سۇ ئەكىرمەكچى بولغان قىياپەتتە سىرتقا چىققاچ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا مۆكۈپ تۇرغان خېغا شەپە بېرىۋەتتى. چىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ 15 مىنۇتتىن كېيىن، خې ئالدىن تەييارلىۋالغان ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئېتىلىپ كىردى، فىگراقنى ئەگلەپ تۇرۇپ، ليۇنى چىن بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلاپ سۈرەتكە تارتىۋالدى. سۈرەتكە تارتىپ بولغاندىن كېيىن خې ليۇنى «ۋۇ قېرى ھايۋان، يەنە ستۇدېنت قىزلارنى ئەخمەق قىلغىنىڭنى بىر كۆرەي... » دەپ قاتتىق تىللىدى. خې ليۇنى يېنىدىكى ھەممە نەرسىنى چىقىرىشقا مەجبۇرلىدى. ليۇ يېنىدىكى 800 يۈەن نەقپۇلنى چىقاردى، خې ئاچچىقىدا ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ كرېدىت كارتوچكىسىدىن بىرنى تېپىپ، چىننى دەرھال بانكىغا بېرىپ كارتوچكىدىكى پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بانكىدىكىلەر ھەر پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن خىزمەتنى توختىتىپ سىياسىي ئۆگىنىش قىلىدىغان بولغاچقا پۇلنى ئالغىلى بولمىدى. چىننىڭ قىزلىقى بەدىلىگە تۆلەم تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن خې فىگراقنى ليۇنىڭ بوينىغا تىرەپ تۇرۇپ، نۇرغۇن پۇل تۆلىسەڭ بولدى قىلىمەن، بۇندىن كېيىن چىنغا چاپلىشىۋالماسلىقىڭ ۋە بېرىسەن، دېدى. ئىككى تەرەپ بىر پەسلىك تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ليۇ 200 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشكە قوشۇلۇپ، پۇلنى پات ئارىدا تۆلەيدىغان بولدى.

چىن بىلەن خې ليۇنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن دەرھال سۈرەتخانىغا بېرىپ لېنتىنى يۇدۇردى. 3 - كۈنى ئۇلار ئىككىسى ليۇنىڭ كرېدىت كارتوچكىسىنى ئېلىپ بانكىغا پۇل ئالغىلى بېرىپ، بانكىدىكى سېچوتنىڭ كارتوچكا يوقالدى دېگەن سەۋەب بىلەن توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى بىلدى، بۇ ئىش ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۇغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى. ئۇلار شۇ كۈنى سۈرەت ۋە فىگراقنى كۆتۈرۈپ ليۇ ئائىلىسى يېنىدىكى تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، پۇلنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ليۇ سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇلار ماڭا تەھدىت سېلىپ قاقتى - سوقتى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ يالغان ئېيتتى. ليۇ ئائىلىسىدىكىلەر خې بىلەن چىننى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ، چىننى ۋۇخەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار باشقارمىسىغا ئاپىرىپ بەردى، خې قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تۇتۇۋالدى. 1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ۋۇخەن شەھىرى جياۋكو رايونلۇق سوت مەھكىمىسى بۇ بۇلاڭچىلىق قىلىش، تەھدىت سېلىپ قورقىتىش دېلوسى ئۈستىدىن سوت ئاچتى. بۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇلاڭچىلىق قىلىش، تەھدىت سېلىپ قورقىتىش تراگېدىيىسى، بۇ بىر جۈپ ستۇدېنتنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىغا ئېچىنىشلىق ئۈندەش بەلگىسى بولۇپ چېكىلدى.

ھاۋاخان داۋۇت (ت)

# بىر كېچىلىك ئىشقىۋازلىقنىڭ ئاقىۋىتى



ئەن رى



## ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم

مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق نوپۇسى 200 مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان بۇ شەھەردىن كېتىپ جەنۇبقا بېرىپ بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تۇتۇش قارارىغا كەلدىم. چىرايلىق ھەم پەزىلەتلىك ئايالىم ئەزەلدىنلا گېپىمنى يەرمايدىغان بولغاچقا، كۆڭلىدە ئانچە خالىمىغان بولسىمۇ، ئۇچۇق بىر نېمە دېمىدى. ئۇ ھامىلدار بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمغا مۇھتاج ئىدى. شۇڭا مەن: «ھازىر چە جاپا تارتىپ قالىدىغان بولدۇڭ، لېكىن كېيىن سېنى ھەسسىلەپ بەختلىك قىلىمەن»، دەپ ۋەدە بەردىم.

ئۆتكەن يىلى 7 ـ ئايدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى فوشەن شەھرىگە كەلگەن تۇنجى كۈنۈم مەن ئۆزۈمنىڭ شەرتىمگە ئاساسەن مېنى ئىشلىتىشنى خالايدىغان، لېكىن شارائىتى ئانچە ياخشى بولمىغان بىر قانچە شىركەتنى شاللىۋەتتىم. نەچچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن شوپۇر ئالماقچى بولغان بىر گۈل دۇكىنىغا كەلدىم. شۇ چاغدا دۇكانغا مال چۈشۈرىۋاتقان ئىكەن، مېنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كۈتۈۋالدى. ئۇ مېنىڭ پىراۋامنى كۆرگەندىن كېيىن، «ئاۋۋال بىر ئاي سىناقتا ئىشلەپ باق. يارىساڭ شۇ چاغدا ئىش ھەققىڭنى سۆزلىشەيلى» دېدى. مەن «تېخنىكا دېگەن ساختىلىق كۆتۈرمەيدۇ. بىر ئاي نە ھاجەت، بىر كۈندىلا غېزى بىلەن ئۆردىكى ئايرىلىپ بولىدىغۇ» دېدىم. بەلكىم سۆزۈم بەك قاتتىق تېگىپ كەتكەنمۇ، گۈل دۇكىنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراپ قويدى. پەرتۇق تارتىۋالغان بىر چوكان سۆزۈمنى ئاڭلاپ، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، «بولىدۇ، ئۇنداقتا تېخنىكاڭنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي» دېدى.

شۇ چاغدىلا بۇ چوكاننىڭ گۈل دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ماشىنىنى ھەيدەپ گۇاڭجۇ تەرەپكە يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، يەنە فوشەن شەھىرىنىڭ كوچىلىرىنى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئايلىنىپ يۈردۇق. ئايال خوجايىن مېنى ئېلىپ قېلىش قارارىغا كەلدى بولغاي «ئايلىغىڭغا 1000 يۈەن بەرسەم قانداق؟» دېدى. «ھېچقىسى يوق، يۇرتىمىزدىمۇ شۇنچىلىك» دېۋىدىم ئۇ «سېنىڭچە قانچىلىك بولسا بولار» دەپ سورىدى. «ئاز دېگەندىمۇ 1800 يۈەن، مېنىڭ تېخنىكام قالتىس!» دېدىم مەن. ئايال خوجايىن ھوميىپ تۇرۇپ «سېنىڭ دېگىنىڭ ھېسابمۇ، مېنىڭمۇ» دېۋىدى مەن ئالدىرىماي «ھېچكىمنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس. ئىككىمىز كېلىشسەك ھېساب» دېدىم. «ئەگەر تەلىپىڭگە ئۇيغۇن كەلمىسىچۇ؟»، «ئۇنداقتا سودىمىز پۈتمەيدۇ ـ دە!» خوتۇنۇمنى تاشلاپ يۇرۇمدىن ئايرىلىپ شۇنچە يىراق يەرگە پۇل ئۈچۈن كەلگەن تۇرسام تاپقۇدەكلا بولسا تېپىش كېرەكتە. گۈل دۇكىنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن خوجايىن: «ئايلىقىڭ 2000 يۈەن بولماقچى، سېنىڭ تەلىپىڭگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمىدى. كېتەمسەن، قالامسەن؟» شۇ دەقىقىدە مەن ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى ۋە ئوچۇق ـ يورۇقلىقىدىن تورۇپلا قالدىم ۋە كېكەچلەپ تۈزۈكرەك گەپمۇ قىلالمىدىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ خوجايىننىڭ لەۋلىرىنى ھىمىرىپ خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم.

مېنىڭ ماشىنىنى ياخشى ھەيدىگەنلىكىم، تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىم، ئەزەلدىن ماشىنىنى يولدا بۇزۇپ قويمىغانلىقىم ھەمدە ئايىقىمنىڭ چاققانلىقىدىن بولسا كېرەك، چوڭ ماشىنىنى بىر ھەپتە ھەيدەپلا ھەشەمەتلىك بولكۋاي ھەيدەشكە قويۇلدۇم. ئۇ كۈندە يېرىم كۈن دېگۈدەك مۇشۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان گۈللەرنى يۆتكىگەچ، بىر قىسىم كەسپىي ئىشلارنى بېجىرەتتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن گۇاڭجۇغا ئىش بېجىرگىلى بېرىپ



ئۇنىڭ ماشىنىغا تاشلاپ قويغان ئېلانىنى كۆرۈپ قالدىم. ئېلاننىڭ سۆزلىرى ساپلا كونا مۇقامدا بولۇپ جۈملىلىرىمۇ ئانچە راۋان ئەمەس ئىدى. قايتىش سەپىرىدە دۇكىنىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمدىن قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن ئۆزۈمنىڭ پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە ئۆزۈم قايتا - قايتا ئويلاپ تاپقان يېڭى ئېلان سۆزىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. خوجايىن قارايمۇ قويماستىن «سەندەك بىر ماي چاپان شوپۇر نېمىنى بىلەتتىڭ، مەن دېگەن بۇنى ئۆرگۈن پۇل خەجلەپ يازدۇرغان!» دېدى.

مەن ئىشەنچىم بار هالدا: «ئۇنداقتا مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرسىتىپ بېقىڭ، كىمنىڭ ياخشى كىمنىڭ ناچار شۇ چاغدا ئېنىق بولىدۇ» دېدىم. ئۇ دەسلەپتە سۆزۈمگە پەسەنت قىلمىغان ئىدى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرمەمسىز، داڭلىق بىر ئېلان پىلانلىغۇچى دۇكىنىمىزغا گۈل ئالغىلى كەپتىكەن، بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىۋىدى نەتىجىدە مېنىڭ ئاماكا قېيىمغا يېزىپ قويغان ئېلان سۆزۈم ماختاشقا سازاۋەر بولدى. ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولۇپ، گۈل دۇكىنىنىڭ كۈندىلىك تىجارىتى ئىلگىرىكىدىن ئىككى هەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلاندىم، ئۇ ماڭا يېقىملىق ۋە هۆرمەت بىلەن گەپ قىلىدىغان بولدى. شۇ ئايدا مەن 800 يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشتىم.

## ئۇنىڭ كۆزى ماڭا چۈشۈپ قالدى

قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رىۋايەتتىكى توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىت ئۇچرىشىدىغان كۈن. بۇ كۈننى جۇڭگونىڭ ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنىڭدىن ئاۋۋال ئايال خوجايىن مەندىن سەممىيلىك بىلەن «دۇكىنىمىزنىڭ تەسىرىنى چوڭايتىقىدەك بىرەر ئەپچىل چارىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. مەن ئويلىنا - ئويلىنا ئاخىرى «ئۆزىمىزنى خورىتىدىغان» مۇنداق بىر تېلېۋىزىيە - بېزىيە ئېلانىنى ئويلاپ تاپتىم: دۇكىنىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىكى ئاشىق - مەشۇقلارغا مەيلى ياشانغانلار ياكى ياشلار بولسۇن بىر دەستە گۈل ھەقسىز سوۋغا قىلىنىدۇ!

مەن خوجايىندىن «بولارمۇ؟» دەپ سورىسام ئۇ مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن سىزگە ئىشىنىمەن!» دېدى ۋە شوخلۇق بىلەن قېشىنى ئېتىپ قويدى. قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۇكىنىمىز ئالدىغا چوڭ - كىچىك ئاشىق - مەشۇقلار توپلىنىپ كەتتى. بۇ كۈنى جەمئىي 380 دەستە گۈل سوۋغا قىلىنغان بولۇپ، بۇ 380 جۈپ ئاشىق - مەشۇق بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمىزنى كۆرسىتەتتى. گەرچە نەچچە يۈز يۈەننى بىكارغىلا بېرىۋەتكەندەك تۇرغان بىلەن دۇكىنىمىزنىڭ بىراقلا داڭقى چىقىپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان قىز - يىگىتلەر يىراق جايلاردىن كېلىپ دۇكىنىمىزدىن گۈل سېتىۋالىدىغان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايال خوجايىننىڭ ماڭا بولغان ھەر جەھەتتىكى مۇئامىلىسى ئالاھىدە بولۇپ كەتتى. ئاددەتتە ئىشى بولسا بولمىسا مەن بىلەن تەرەپ - تەرەپكە چاپاتتى. لېكىن بىرەر نىشانى يوق دائىم دىگۈدەك قۇرۇق قايتاتتۇق. يەنە بىرى ئۇ دائىم يوق يەردىن گەپ چىقىرىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. يە بولمىسا ماشىنىنى توختاتسامۇ چۈشمەي مەن بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى. يەنە نەچچە قېتىم ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ئۇ ماڭا قاراپ قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن دۆت ئەمەستە، ھەر خىل ئەھۋاللار ئۇنىڭدا ماڭا نىسبەتەن ھېلىقىدەك ھېسسىيات پەيدا بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

دەسلەپتە مەنمۇ ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىدىم، ھەتتا ئازراق ئىنتىلىشىمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماشىنىدا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا، كۆڭلۈمدە بىر خىل بەخت ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئويغانغان ئىدى. قىلچە ساختىلىق ئارىلاشتۇرماي شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن ھەر جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن ئەر بولۇپ، ۋۇجۇدۇمدا ئاياللارغا بولغان ئارلىق تەبىئىي بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئايالىمدىن شۇنچە ئۆزۈن ئايرىلغىنىم قوشۇلۇپ، تەبىئىي هالدا بىر خىل ئېچىرقاش پەيدا بولغانىدى. شۇڭا ھەر قانداق ئايالغا قارىسىملا تەسەۋۋۇرۇمدا ئاجايىپ لىۋەن ۋە نازۇك تۇيۇلاتتى. دەل مۇشۇنداق چاغدا مەن ئايال خوجايىنىم بىلەن ھېسسىياتنىڭ قاينىمىغا كىرىپ قالدىم.

## ئۇ مېنى ئەسىر قىلىۋالدى

ئۇ 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئىدى. ئائىلىسى مۇشۇ ئەتراپتا تۇرىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغىلى قايتىپ كېتىشتى. مەن ياتاقتا يالغۇز قېلىپ يېڭى يىلنىڭ داڭ ئاۋازىنى جىمجىت كۈتۈپ، يىراقتا قالغان ئائىلەمنى سېغىنىپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئولتۇراتتىم. دەل مۇشۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ ئىكەن. ئۇ مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى، مېنىڭ دەرھال بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مېنىڭ بارماسلىقتا ھەددىممۇ؟ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم خوجايىن قاچان چاقىرسا شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش تۇرسا.

خوجايىن دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. 60 كۋادرات مېتىرلىق مېھمانخانىغا كىرگەندە ئاۋۋال كۆزۈمگە چېلىقىنى ئۈستەلگە لىق تىزىپ قويۇلغان گوللاندىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كۆركەم گۈل ۋە قىزىل ئەتىر گۈل بولدى. خوجايىن يېڭى يىل كۆڭۈل ئېچىش تانسىسى ئۆتكۈزمەكچىمۇ نېمە؟ نېمىشقا بىرەرمۇ مېھمان كۆرۈنمەيدۇ؟ ئەجەپلىنىپ تۇرسام خوجايىن ھۇجرىسىغا كىرىپ ناھايىتى چىرايلىق بىر ئۇزۇن كۆڭلەك ئالماشتۇرۇپ چىقتى ۋە ساقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى كۆرسىتىپ، «مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ چوڭ يازغۇچى» مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بۈگۈنكى ئەزىز مېھمان مەن بولدۇممۇ نېمە؟ خوجايىن ئارسالدى بولۇپ ئاندىن ماڭا يېقىن ئولتۇردى ۋە ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە بوش ئاۋازدا: «يېڭى يىل ئالدىدا سىز بىلەن مۇۋەپپەقىيەتتىن ئورتاق بەھرىمان بولسام بولامدۇ؟» دېدى ئاندىن بىر نەچچە پارچە ژۇرنالنى ماڭا ئۇزاتتى. ئەسلىدە 1998 - يىلى 1 - سانلىق نەچچە ژۇرنالغا مېنىڭ نەچچە ئاي ئالدىدا يازغان ئىشلەمچىلىك ھاياتىمغا دائىر 6 پارچە ماقالەم ئېلان قىلىنغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇلار پەقەت يۈزەكى ئەسەرلەر ئىدى. لېكىن خوجايىننىڭ كۆڭلىنى رەت قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. بىز بىر نەچچە مۇزىكىغا تانسا ئوينىغاندىن كېيىن يېڭى يىل دېگى چېلىندى. ئۇ «ماراق





ۋە قورۇملارنى تەييارلاپ قويغان ئىدىم. بىللە يەيلى» دېدى. شۇ كېچىسى بىز ھاراقنى كۆپ ئىچىۋاپتۇق. سۆزلىرىمىزمۇ بارغانسېرى ئوچۇق ئاشكارە بولۇپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ سۆزلىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە مەن ئۇنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ 16 ياشقا كىرگەن يىلى جەنۇبقا كېلىپ بۇ گۈل دۇكىنىدا ئىشلىگەن ئىكەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئانىسى سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلى بولۇپ قېلىپ 100 نەچچە مىڭ يۈەنگە بۇرەك ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەپتۇ. لېكىن ئائىلىسى نامرات بولغانلىقتىن 1000 يۈەنگىمۇ چىقىش قىلالمايدىكەن. 56 ياشلىق دۇكان خوجايىنى لىۋ بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىشكە ماقۇل بولسا 200 مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئانىسىنى داۋالىتىدىغانلىقىنى باشقىلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. كىم بىلسۇن، بۇ ئەرگە تېگىپ ئۇ ئازاب دېڭىزىغا چۆشۈپ قاپتۇ. ئېرى ئىنتايىن شاللاق بولغاندىن تاشقىرى يەنە بىر ئازمۇ مەسئۇلىيەتچانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن زېرىككەندىن كېيىن نەچچە مىڭ يۈەن ۋە بۇ ئۆينى تاشلاپ بېرىپ يوقالغىلى نەچچە يىل بولۇپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆيى ۋە ئاساسلىق شىركىتى شاڭگاڭدا بولۇپ، خوتۇنى، ئاشنىلىرىدىن نەچچىسى بار ئىكەن. ئايال خوجايىن بىلەن توي قىلىشمۇ پەقەتلا «مۇنداقلا كۆڭۈل ئېچىش» ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىكەن.

ئەچچە يىلدىن بېرى «تىرىك تۇل» بولۇپ ئولتۇرغان خوجايىن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىگىلىك باشقۇرغاچقا، پۇلى بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. لېكىن كۆڭلى تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئازاب ۋە بوشلۇق بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ......

بەلكىم كۆپ ئىچىۋالغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئازابلىق ئىشلارنى سۆزلەپ باغرىمغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم ۋە ئامالسىز بىر تەرەپتىن يېشىنى سۈرتكەچ، چاچلىرىنى سىلاپ، خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى بەزلىدىم. ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە «ئادەمنى خوش قىلىشقا ئۇستا ئىكەنسىز، توي قىلغان شۇنچە يىلدىن بېرى بۇنچىلىك خوشال بولماپتىكەنمەن» دېدى. كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ھېلىدىن ھېلىغا سائىتىمگە قارايتتىم. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ مەن ھازىرلا كىرىمەن دەپ چىقىپ كەتتى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ، نېپىز شايى ئىچ كۆينەك كىيگەن پېتى كىرىپ بوينۇمغا ئېسىلدى. ئاياللاردىلا بولىدىغان بىر خىل يۇراق كاللامنى ئايلاندۇرىۋەتتى. ھاراق ئىچكەنلىكتىنمۇ ئەمنۇ يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم. كېيىن ئۇ مەستخۇشلۇق بىلەن بۇ قېتىم مەن بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئەر ۋە ئايالنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئېيتتى......

ئايال خوجايىننىڭ يېڭى توي قىلغاندەك تۇيغۇسى ئۇنى مەسخۇش قىلىپ قويۇپ نەچچە كۈنگىچە ئىشقا كەلمىدى. ماڭىمۇ ئىش ئورۇنلاتقۇزمىدى. لېكىن ماڭا ھەر كۈنى نەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ، گەپنى ئەگىتىپ يۈرۈپ مېنىڭ يەنە يېنىغا بېرىشىمنى بىلدۈرەتتى. مېنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتكۈم كەلمىدى ۋە قەستەن بىلمىگەن بولۇۋېلىپ بارمىدىم. 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چاغانغا ئاز قالغان بولغاچقا دۇكان ئانچە ئالدىراش ئەمەس ئىدى. مەن رۇخسەت سوراپ يۇرتۇمغا بارىدىغان ئايروپىلانغا چىقتىم. مېڭىش ئالدىدا ئۇ ھەم ئاچچىقلانغان ھەم كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا چىرايلىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ، «ۋاقتىڭىز ئېشىپ كەتمىسۇن ـ ھە!» دېدى.

## مېنىڭ قېچىپ كەتكۈم بار

بىر ئايلىق ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. مەن دەل ۋاقتىدا قايتتىم. خوجايىن مېنى ئايرودرومدا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. كەچتە ئۇ مېنى كەتكۈزمەي زورلاپ تۇتۇپ قالدى. لېكىن ئايالىمنىڭ سەمىمىي كۆزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئائىلىمىز ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن ئايالىم شۇنچە جاپالارنى تارتىۋاتسا...... مەن، مۇنداق كېتىۋېرسەم بولمايدۇ. مەن توختاپ قېلىشىم كېرەك! تاڭ ئاتقاندىمۇ خوجايىن يېرىم يالىڭاچ



FAZHI ZONGHENG

ھالدا ماڭا كەينىنى قىلىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. مەن ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىپ يەنىلا كەتكىنىم تۈزۈك ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدىم ۋە ئۇنىڭدىن ئىستىپا سورىدىم. «ياق» ئۇ دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېنى قۇچاقلىدى. «بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ھېچقايسىمىزغا ياخشى ئەمەس» دېدىم مەن ۋە ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ كىيىمىنى كىيىپ مېڭىشقا تەمشەلدىم. ئۇ كارىۋاتتا تىزلىنىپ تۇرۇپ: «ئۇنداقتا بىز ئىلگىرىكىدەك خوجايىن، ئىشلەمچىلىك مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ قالساق قانداق؟»

راس گەپنى قىلغاندا، دۆكىنىمىزنىڭ شارائىتىدىن ئېيتقاندا مېنىڭمۇ كەتكۈم يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم.

ۋاھالەنكى، تۇرمۇشتا دائىم ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەيپىياتىم ئانچە ياخشى بولمىغاچقا بىر رېستورانغا بېرىپ ھاراق ئىچىپ ئىش پۇشۇغۇمنى چىقارماقچى بولدۇم. شۇ يەردە سۇپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىك يەپ سالدىممۇ قانداق ياتاققا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر تەرەپتىن ياندۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئىچىم سۈرۈپ، بىر دەمدىلا ھوشۇمدىن كېتىپ قاپتىمەن. ئىككىنچى كۈنى چۈشتە ھوشۇمغا كەلسەم ئۇ قوللىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن چېچىمنى تاراپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، گىرىمسىز يۈزى ياش يۇقى تۇراتتى. مېنىڭ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئۇ ھوشىدىن كەتتى. ئەتراپىمدىكى كېسەللەرنىڭ: بۇنداق ياخشى ئايال ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدۇ، جۇمۇ دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئېغىزىغا تېتىغۇدەك تاماق ئالغىلى چىقىپ كەتكەندە بىر كېسەل ياتاقدىشىم ماڭا ئۇنىڭ ھېلىقى كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ بولغان ئاتاقلىق دوختۇرنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ تىزلىنىپ يالۋۇرغىنىنى، شۇ كۈنى كېچىدە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ پېشانىسى يېرىلىپ كېتىپ ئەچچە يېپىلىق تىكىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى....

مېنىڭ ئاران تەستە توختاتقان كۆڭلۈم يەنە يۇمشاپ قالدى. ئۇ ماڭا ئەپلىسىن ئاقلاپ يىگۈزۈپ قويىۋاتقان چاغدا كۆزۈمگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ بولسا خۇددى مەلۇم بىر ۋەدىگە ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ ئەتراپلىق كۈتۈشى بىلەن ناھايىتى تېز ساقىيىپ كەتتىم. دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى ئۇ داۋالىنىش پۇلىنى تۆلىۋەتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ بىر تەرىپى گۈل دۆكىنىغا، بىر تەرىپى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئاچا يولغا كەلگەندە سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ ماڭا بىچارىلىك بىلەن تەلمۈردى. مەن ئامالسىز بىر ئۇھ تارتتىم ۋە بېشىمنى تۆۋەن سالدىم. ئۇ مېنىڭ ئۇن چىقارمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ماشىنىنى دەرھال مەن بېرىشنى خالىمايدىغان تەرەپكە ھەيدىدى.

ئەسەبىيلىكتىن كېيىنكى سەگەكلىك مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالدى. ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ ئانچە باياشات بولمىغان لېكىن ئىنتايىن بەختلىك ئائىلەم بار، ئايالىممۇ مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، ـ ئۆمۈرۋايەت شۇنداق بولىدۇ» دېدىم. خوجايىن بۇنىڭلىق بىلەن تەسىرلىنىپ قالمىدى ھەمدە: «ھازىر دېگەن قانداق زامان، تېخىچە كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالىدىغان، مەن ئەزەلدىن سىزدىن بىرەر مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىپ باقتىممۇ، مەن پەقەت سىز بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىلا ئارزۇ قىلىمەن. خالىغان ۋاقىتتا كەتسىڭىز بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىڭىز يىراقتا تۇرسا ھەر قانچە سېغىنسىڭىزمۇ بىكار، ياقا يۇرتلاردا ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ بولغان شەخس تۇرمۇشىڭىزدا بولۇشى كەلگۈسىدە ئايالىڭىزغا ھەسسىلەپ ۋاپادارلىق قىلىشىڭىزغا دەخلى قىلمايدىغۇ!» دېدى.

بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئىدراك سېپىلىم ئۇنىڭ «زامانىۋى» نۇقتىئىنەزىرى ئالدىدا ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلدى.

## مەن چىدىيالمىدىم

ئەمما ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى چەكسىز بولىدىكەن. مېنىڭ «قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش»ىم بىلەن ئايال خوجايىن قانائەتلىنىپ قالمىدى. مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر بولسا، كۆندەشلىكمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدىكەن. دەسلەپتە مەن دۆكاندىكى قىزلار بىلەن پاراڭلاشسام ياكى تانسا ئوينىسام سەل خاپا بولۇپ يۈردى. كېيىن بولسا ھەر قانداق بىر ئايال بىلەن سالاملاشسام ئۇ خۇددى جىنايەتچىنى سوراق قىلغان ساقچىدەك مېنى «ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟ ئىسمى نېمە؟ نەدە ئىشلەيدۇ؟ توي قىلغانمىكەن» دەپ سوراق قىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

پەقەتلا شۇنچىلىك بولسىغۇ مەيلى ئىدىغۇ؟ لېكىن ئويلىمىغان يەردىن كېيىن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆيدە مۇھىم ئىش چىقىپ قېلىپ بېرىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ بۇنى ئاڭلاپلا خاپا بولۇپ: «تېخى چاغاندىلا بېرىپ كەلدىڭىزغۇ» دېدى. مەن «ئۇ چاغدا بېرىپ كېلىشىم ئاران 7 كۈن تۇرسا نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدىم» دېدىم. ئۇ مەن بىلەن تالاش تارتىش قىلىپ «ئۇنداق بولسا كېلەر يىلى چاغاننى مەن بىلەن ئۆتكۈزىسىز» دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئامالسىزلىقتىن يەنە ماقۇل بولدۇم.



ئۆيگە قايتىپ ئۈنجى كۈنى يېرىم كېچىدە ئايالىم ئىككىمىز شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزىۋاتساق تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. ئايالىم «مەن بېرىپ ئالاي» دېۋىدى مەن «سىز گە قولايسىز، مەنلا ئالاي» دېدىم. ئەمەلىيەتتە ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئايالىمنىڭ ئاغرىنىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. نېمە ئىش بولاتتى، «ئۆز ئادىمى» نىڭ باشقا ئايال بىلەن بىللە بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىسىلا تۇرالماي تېلېفون بەرگىنى بولمامدۇ. كۆڭلى كەچتە ئۇنداق. نەچچە قېتىمدا ئايالىم ئېلىپ «نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى» دەپ سورىسا «مەن ۋېي دېرىكتور (مېنى دىگىنى، مەن قاچانلاردا باش دېرىكتور بولۇپ قالدىمكىنە) نىڭ خىزمەتچىسى، ئۇنىڭغا كۆندىلىك تىجارەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلماقچىدىم» دەپتۇ. ئايال خوجايىن پەيتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە ئەجەپ ماھىر ئىكەن. ئايالىم ئالدانغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

كىم بىلسۇن، بىر ھەپتە ئۆتە ئۆتمەيلا ئۇ تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ مېنى 3 كۈن ئىچىدە قايتىشقا بۇيرىندى. مەن: «ئايالىم ھامىلدار، يېقىندىن بېرى ساقسىز بولۇپ قالدى. ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ» دېسەم ئۇ: «يالغان دەۋاتىسىز بۇرۇن ئەجەپ ئۇنداق دېمىگەنتىڭىزغۇ» دېدى ۋە يەنە «مەنمۇ ھامىلدار بولۇپ قالدىم، ئەبلەخ، سىز نىڭ بالىڭىز! مېنىڭ سىزنىكىم بەك قاتتىق بولىۋاتىدۇ. ۋاقتىدا قايتىپ كالمەيدىغان بولسىڭىز، ئەلۋىدا!» دەپلا مېنىڭ چۈشەندۇرۈشىمنىمۇ ئاڭلىماي تېلېفوننى قويىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ئاقىۋىتىنى ئويلىشىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم...... ناۋادا......

## مەن قانداق قىلارمەن

ئىشنى يەنە كىچىككتۈرۈشكە بولمايتتى. مەن دەرھال قايتىشىم كېرەك ئىدى. ئايالىم مېنىڭ توساتتىن ماڭماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ: «دوختۇر بالىنىڭ ئورنى توغرا ئەمەس ئىكەن دەيدۇ. سىز مەن بىلەن بىللە بېرىپ تەكشۈرتۈپ باققان بولساق، مەن ئەنسىرەپ قالدىم... » دەپ ئۆتۈندى. چىرايىمنىڭ تۈتۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ يەنە «بوپتۇ، ئانام بىلەن باراي» دېدى ۋە بېشىنى بۇراپ يىغلاپ كەتتى. مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ياش كەلدى. مەن ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئايالىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، «مەن ئۈچۈن ئازراق جاپا تارتىپ تۇرغىن، مەن كۆپ پۇل تاپقاندىن كېيىن چوقۇم ساڭا ياخشى قارايمەن» دېدىم.

تالڭ ئاتماستىنلا بېرىپ بېلەت زاكاس قىلغان بولسامۇ ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا بىر كۈن كېچىكىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۆيگە بارسام ئۆيدە ئادەم يوق. دەرھال گۈل دۇكىنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئاخشام بىلىككىدىكى تومۇرىنى كېسىۋېتىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. كېسىلگەن جاي كىچىك، ھەم دەل ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن ھايات قاپتۇ. قورقىنىمدىن ئاران ئېسىمگە كەلدىم. لېكىن ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىمنى پەقەتلا باسالمىدىم، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا يېرىم كۈن تۇرغان بولسامۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم.

ئۇنى دوختۇرخانىدىن ئەپچىقىدىغان چاغدا دوختۇر ماڭا «ئايالىڭىز ئۈچ ئايلىق ھامىلدار ئىكەن، ھېلىمۇ بىرەر ئىش چىقمىدى، كېيىن ئۇزۇقلۇقتا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ» دەپ تاپىلىدى. ۋاي خۇدايىم ئۇ راستىنلا بوشۇرۇن ھامىلدار بوپتىدە، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۇرۇپ، تولۇق ياخشى بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بالىنى ئالدۇرىۋېتىشنى ئېيتتىم. لېكىن ئۇ «ياق، مەن مۇھەببىتىمىزنىڭ بۇ جەۋھىرىنى چوقۇم تۇغىمەن» دېدى، مەن ئۇنىڭغا «كېيىن ئېرىڭىز قايتىپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىسىز» دېسەم «نېمە كارىم، ناھايتى كەلسە مېنى قويىۋېتەر، ئۇنداق بولسا مەن بالىمىز بىلەن، سىز بىلەن بىللە ئۆتىمەن» دېدى. «ئۇنداقتا مېنىڭ ئايالىمچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ ئاجراشمايدىغانلىقىمنى بىلمىسىزغۇ»، «كارىم يوق، مەن بەربىر نامىغا مۇھتاج ئەمەس، مەندىن ئايرىلمىسىڭىزلا توقال بولسامۇ مەيلى» مەن ئاچچىقىمدا ئۆلەيلا دەپ قالدىم. مەن قەستەن ئۇنىڭغا تولڭ تېگىپ: «لېكىن مېنىڭ سىز بىلەن بۇنداق ياشىغۇم يوق، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان!» دېدىم. ئۇ ھەيران بولۇپ بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۇنداق بولسا سىز كېتىڭ، دەرھال كېتىڭ، مېنىڭ ئۆلۈك تىرىكلىكىم بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!» دېدى.

لېكىن مەن كېتەلمىدىم؟ بۇ بىلمىسىز ۋە جاھىل ئايالنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى بىر دەمدىلىكلا ئىش تۇرسا، بۇ مەسئۇلىيەتنى كىممۇ ئۈستىگە ئالالىسۇن؟ ئۇنداقتا كىچىكىمىزدىن ئاشىق - مەشۇق بولۇشقان ئايالىمچۇ؟ ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ مېنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، مەن توساتتىنلا ئۆزگىرىۋالسام ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق تىققانغا ئوخشاش بولمامدىكەن؟ ئۇمۇ بۇ ئىش ئۈچۈن ئاچچىقىدا روھىي كېسەل بولۇپ قالار، ھەتتا ئۆرلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ھەي! مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟

ئايگۈل ئابدۇربېھىم(ت)





# ئۆز ئۆزىنى ساقلىدى



جىن يى

1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنېي ئايرودرومىدا، بىنىس ماركىلىق بىر پىكاپ ھەيۋەتلىك كۈتۈش بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پىكاپتىن بىر ئەر، بىر ئايال چۈشتى. ئەر 70 ياشلاردىكى ياۋروپالىق بوۋاي ئىدى، ئايال بولسا 30 نەچچە ياشلاردىكى جۇڭگولۇق ئىدى. ئايال بوۋايغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ:

- توم كلېمسى ئەپەندى، ئەپكىلىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت. بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى!- دېدى.

بوۋاي بېشىنى چايقاپ، ئايالنى كۈتۈش زالىغا ئۇزىتىپ كىرىپ، بىلەت تەكشۈرۈش ئىشىكىگە كەلگەندە قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، چىن، سەمىمىي، تەسىرلىك تەلەپپۇزدا:

- لى خانقىز، مەن سىزدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى ھەقىقىي كۆرۈۋالدىم. مەن بۇنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن!- دېدى.

II

توم كلېمسى «لى خانقىز» دەپ ئاتىغان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى لى لى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو شىنجاڭدىن ئىدى.

1985 - يىلى، لى لى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. تەقدىر لى لىغا كاجلىق قىلدى، 90 - يىللارنىڭ كېيىنكى بىر قانچە يىلىدا ئۇ كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. باشتا ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىكى مەسىلىلىرىنى يۇقىرىغا ئەينەن ئىنكاس قىلغانلىقتىن، زەربىگە ۋە ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ كېيىن دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى؛ توي قىلغىنىغا 3 يىل بولغان ئېرى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، لى لى ئېرىسىز تۇل ئايال بولۇپ قالدى - دە، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇش، ئۇششاق تىجارەت قىلىش ۋە ۋاقىتلىق ئىش تېپىپ ئىشلەش ئارقىلىق جان باقتى. تاكى 1997 - يىلى مۆجىزە كۆرۈلگەندىلا، ئۇنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولدى.

مۆجىزە لى لىنىڭ پەقەت يۈز كۆرۈشۈپ باققان بوۋىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن يۈز بەردى. 1997 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئەينى چاغدا گومىنداڭ ئارمىيىسىدە مۇئاۋىن شىجاڭ بولغان بوۋىسى تۇيۇقسىز تەيۋەندىن چوڭ قۇرۇقلۇققا كەلدى. بوۋىسى لى لىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بەردى ھەمدە ئۇنى ئاۋستىرالىيىدىكى بىر ئاغىنىسى ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىرىشقا ۋەدە بەردى. بوۋىسى چوڭ قۇرۇقلۇقتا 5 ئاي تۇرۇپ، تەيۋەنگە قايتىپ كەتتى. 10 - ئايدا، لى لىغا ئاۋستىرالىيىنىڭ برىسباندىكى بىر شىركەتتىن بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ قويغانلىقى، ئەمدى رەسمىيەت ئۆتەپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لى لى ئاۋستىرالىيىگە يولغا چىقتى، برىسبانغا بارغاندا، ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، ھېلىقى شىركەت ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن ۋەيران بولغانىدى، قارشى تەرەپ لى لىنىڭ بوۋىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى سىدنېيدىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆي خىزمەتچىسى بولۇشقا تونۇشتۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئاشۇ يەردە ئىشلەپ تۇرۇشنى، يېڭى شىركەتتە ئىش باشلىغاندا، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لى لى بارغان ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمى توم كلېمسى، 60 ياشتىن ئاشقان، پېنسىيىگە چىققان مەمۇر ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، 20 نەچچە ياشلىق جېنىي ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. قىزى ئەسلىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى، يېقىندا ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، مېڭىسىمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان ھەمدە يېنىك



دەرىجىدىكى ئىلىشىپ قىلىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولۇپ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا تۇتۇپ قالسا، ھېچكىمگە بويي بەرمەيتتى. جىنائىي ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراشتىن بۇرۇن يىل ئىلگىرى توي قىلغان، ئېرى سودىگەر، ئىسمى دون سېتتارى، بۇرۇن بىر ئىككى ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ مۇناسىۋىتى بەك ياخشى ئىدى. ماشىنا ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ جىنائىيدىن كۆڭلى سوۋۇپ، دائىم دېگۈدەك ئۆيىگە قايتمايدىغان بولۇۋالغانىدى، جىنائىي باشقىلارنىڭ كۆڭۈلشىگە مۇھتاج مىيىپ ئىدى. شۇڭا، توم كلېپسى ئۇنى ئۆيىگە ئەپكېلىۋالغانىدى. لى لىنىڭ بۇ ئۆيدىكى ۋەزىپىسى جىنائىينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىدى.

لى لى 1998 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى توم كلېپسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇ جىنائىي بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدى. جىنائىي كېسىلى تۇتۇپ قالغاندا، لى لى ئەسھەت قىلىپ يەسىپ قالاتتى. لېكىن، لى لىنىڭ يەنىۋى تۇرمۇشى ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھامان بىر نېمىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى: بۇ بىسىم توم كلېپسى ۋە دون سېتتارىدىن كېلەتتى.

توم كلېپسىنىڭ مۇئامىلىسى يامان ئەمەس دېگىلى بولاتتى، لېكىن، ھېلىقى ئىپلاس دون سېتتارىنىڭ قىلىقلىرىغا ئادەم چىدىمايتتى، ئۇ ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم، كەچ سائەت 8 لەردە كېلىپ، بىر نەچچە سائەت تۇرۇپ كېتەتتى. دون سېتتارى بىلەن ئەما ھەم ئىلىشىپ قىلىش كېسىلى بار خوتۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئالاقە قالمىغانىدى. جىنائىي كۆپىنچە ھاللاردا دون سېتتارىنى تونۇمايتتى، دون سېتتارى جىنائىيغا ناچار مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، توم كلېپسى دون سېتتارىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئاران بىرەر ئېغىزلا پاراڭلىشىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن، دون سېتتارى ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىپ، دائىم دېگۈدەك لى لىنى ئۆلى ياخشى قىلمايسەن، ماۋۇ ئىشنى تۈگەتمەيسەن دەپ ئەيىبلەپ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتۇپ قالىمەن دەپ قورقۇتۇپ، ئاچچىقىنى لى لىدىن چىقىراتتى.

بۇ خىل ئەھۋال لى لى توم كلېپسىنىڭ يوسۇغونىدىن كىرگەلدىن تارتىپ، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى، دون سېتتارىنىڭ لى لىغا بولغان مۇئامىلىسىدە 90 گرادۇسلۇق بۇرۇلۇش بولدى!

2

1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، توم كلېپسى بىر ئاغىنىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە قاتناشقاندا، هاراقنى كۆپرەك ئىچىپ قويۇپ، تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ قالىدۇ. زىياپەتتىكىلەر ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ، تەكشۈرۈشتە مېڭىگە قان چۈشكەن بولۇپ چىقىدۇ. دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ.

توم كلېپسى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىن كېيىن، دەسلەپتە دون سېتتارىدا باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلمىدى، ئۇ پەقەت ئايالىنى يوقلاپ كەلگەندە لى لىدىن توم كلېپسىنىڭ كرېدىت كارتوچكىسىنىڭ شىفىرىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى، لېكىن، ئۇنىڭ ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ يەنە كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، لى لىغا قاراپ ھىجايدى، «ھەي» دېيىشتىن «لى خانىم» دېيىشكە ئۆزگەردى، ئاندىن سومكىسىدىن بىر قاپ شاكىلاتنى ئېلىپ لى لىغا بەردى. ئۇ كۈنى دون سېتتارى مۇئامىلىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، لى لىدىن قوپسۇر ئىزدىمەي، ئەكسىنچە لى لى بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ مەنزىرىلىرى، قەدىمكى يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

دون سېتتارى نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ لى لى بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

ئەتىسى، ھوشىغا كەلگەن توم كلېپسى دوختۇرخانىدىن تېلېفون بېرىپ، لى لىغا 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جىنائىينى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىشنى، ھەمدە لېكىن ئاۋۋال ئۇنى چوقۇم ئوبدان ئارام ئالدۇرۇشنى، ئالدىنالا تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىچكۈزۈشنى، ئومۇمەن، جىنائىينىڭ كېلىشىنىڭ سەگەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى.

لى لى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، شۇ كۈنى جىنائىينى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. كېسەلخانىغا كىرىشىگىلا، توم كلېپسى قىزىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىر ئىشنى ئېيتىدۇ.

ئەسلىدە، ئاۋىسترالىيىلىكلەرنىڭ ئادىتىدە، كۆپىنچە كىشىلەر پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدىلا ۋەسىيەت قالدۇرىدىكەن. توم كلېپسى بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى خوتۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندە بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان، ئۇ چاغدا دون سېتتارى جىنائىي بىلەن تازا قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقانىدى. توم كلېپسى دون سېتتارىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ۋەسىيەتنامىدە، ۋەسىيەتنامىنىڭ دون سېتتارى بىلەن جىنائىي توي قىلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، دون سېتتارىنىڭمۇ ئۆز مۈلكىنىڭ 4 دىن بىرىگە، تەخمىنەن 194 مىڭ ئاۋىسترالىيە دوللىرىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى يازغانىدى. بىراق، دون سېتتارىنىڭ ھازىرقى ئىپادىسى توم كلېپسىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدى. ئۇ بۇ قېتىم تۇيۇقسىز كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن، بىر پۈتىنىڭ گۆرگە ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى، ۋەسىيەتنامىسىنىڭ ھەر ۋاقىت كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغانىدى، لېكىن، دون سېتتارىغا بىر تىيىنمۇ قالدۇرغىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەسىيەتنامىنى تۈزىتىپ، بارلىق مۈلكىنى قىزىغا قالدۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. بىراق، توم كلېپسى ئىشىنىدىغان، ئەينى چاغدا ۋەسىيەتنامە رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرگەن ئادۋوكات ئاغىنىسى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلەتتى. توم كلېپسى دوختۇرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن، ئۆز كېسىلىنى ئېغىرلىشىپ كەتمەيدۇ دېيەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، توم كلېپسى قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىش، يەنى قىزىغا «مۈلۈك ھەدىيەنامىسى» قالدۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئاۋىستراليە قانۇنىدا بەلگىلىنىشىچە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا «مۈلۈك ھەدىيەنامىسى» پۈتۈلسە، ھەدىيە قىلىنغۇچى دەرھال مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتى ئۆتسە بولاتتى. توم كلېپسى ئاۋادا



يېقىندا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، قىزىنىڭ مۇشۇ «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى» ئارقىلىق بارلىق مۇلۈككە ئىگە قىلدۇرۇش مەقسىتىدە شۇنداق قارارغا كەلگەنىدى. ئۈنۈگۈن، توم كلېمىسى بىر پارچە «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى» يېزىپ قويغان ھەمدە ۋەسىيەتنامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى باياناتنى قوشۇپ قويغانىدى. بۈگۈن قىزىغا مۇشۇ ئىشنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا چاقىرتقانىدى.

بۈگۈن جېنىنىي تازا سەگەك ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى ـ دە، دادىسىغا رەھمەت ئېيتتى.

لـى لى بىر چەتتە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ چەت ئەللىك بوۋاينىڭ «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى»دا قىزىغا قانچىلىك مۇلۈك قالدۇرۇلغانلىقىنى ئويلىدى، توم كلېمىسىنىڭ ئۆي ـ زېمىن ۋە ساقلاپ قويغان بويۇملىرىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇلغا ياراپدىغانلىقىنى پەملىدى. كېيىن شۇ مۇلۈك ھەدىيەنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، توم كلېمىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنىينىڭ كەم دېگەندە 760 مىڭ ئاۋستراليە دوللىرىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدى.

3

چۈش بولغاندا، لى لى جېنىنىينى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئويلىمىغان يەردىن، دون سېتتارى مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇراتتى. دون سېتتارى خوتۇنىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كېلىپ قۇچاقلىماقچى بولدى، لېكىن، جېنىنىي ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، بىزار بولغان ھالدا:

ـ نېرى تۇر! ماڭا چېقىلما!ـ دېدى.

دون سېتتارى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

ـ ئامرىقىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بىز ئەر ـ خوتۇنغۇ؟ـ دېدى.

ـ بولدى قويۇڭ، مەن يېقىندا سىز بىلەن ئاجرىشىپ كېتىمەن!

جـېنىنىي خانىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، دون سېتتارى لى لىدىن توم كلېمىسىنىڭ جېنىنىينى دوختۇرخانىغا چاقىرتىپ، ۋەسىيەتنامە توغرىسىدا بىر نېمە دېگەن ـ دېمىگەنلىكىنى سورىدى.

ـ شۇنداق، توم كلېمىسى ئەپەندى باشقىدىن بىر پارچە «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى» يېـزىپ، جېنىنىيغا بەردى،ـ دېدى لى لى. دون سېتتارىنىڭ چىرايى لەپپىدە ئېچىلدى، ئۇ مېھمانخانا ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. لـى لىنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىزدىن دون سېتتارىنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىنى ئـۆزگەرتىشى ھېلىقى «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ ـ قانداق؟ ئۇ ئەشۇ «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى»نى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن بىرەر ھىيلە ئىشلىتىپ، توم كلېمىسى دوختۇرخانىدىن چىقىشتىن بۇرۇن بۇ مۇلۈككە ئىگە بولىۋالماقچىمۇ قانداق! دېگەن خىيال كەلدى ـ دە، بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى.

لى لى ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىدىن كەلگەن ئۆزىدەك بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئۆزى «قورقۇنچلۇق» دەپ ئويلىغان بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى.

دون سېتتارى مېھمانخانا ئۆيدە بىر دەم ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاندىن كېيىن، جېنىنىينىڭ خانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچىدە ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئاندىن جـېنىنىي لى لىنى چاقىردى، لى لى دەرھال ئۆيىگە كىردى، دون سېتتارى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. جېنىنىي كارىۋات بېشىغا يۆلەنگىنىچە ئىككى قولىنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ، يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ياتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن لى لى باياتىن دون سېتتارىنىڭ «مۇلۈك ھەدىيەنامىسى»نى بۇلىۋالماقچى بـولـۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى بىلدى. زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى جېنىنىي ئېيتمىدى، لى لىمۇ سوراشنى بىئەپ كۆردى.

لـى لى مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ چىققاندا، دون سېتتارى كىرسلودا خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ لى لىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ جېـنىنىينىڭ نېرۋىسى چۈشتىن بۇرۇن دوختۇرخانىغا بارغاندا تەسىرگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، مەن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، قارىغاندا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ تۇرۇشۇمغا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ،ـ دېدى ـ دە، ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

قـانداقلا بولغان بىلەن لى لى بۇ دۇنيادا 30 نەچچە يىل ياشىغان بولغاچقا، مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەجرىبىگە ئىگە ئىدى.

باياتىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشتىن توم كلېمىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، لى لى دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان توم كلېمىسىغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. توم كلېمىسى ھېچنېمە دېمىدى، پەقەت لى لىغا جېنىنىينىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنىلا تاپىلىدى.

لېكىن، بىر سائەت بولا ـ بولمايلا، يوغان، ئەمبەل كەلگەن بىر يەرلىك ئايال كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئىككى، ئۈچ ئەركەكمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئـۇ لـى لـىغـا توم كلېمىسى ئىمزالىغان ۋاكالەتنامىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ياللانغان مۇھاپىزەتچى ئىكەنلىكىنى، ۋەزىپىسىنىڭ جېنىنىينى مۇھاپىزەت قىلىش، مۇناسىۋەتسىز ئـادەملەرنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرماسلىق ئىكەنلىكىنى، ۋاقتى ياللىغۇچى بىكار قىلىشنى ئۇقتۇرغا قويغانغا قەدەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، دون سېتتارى خۇشال يېتىپ كەلدى ـ دە، مۇھاپىزەتچىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى لى لىدىن سورىدى. لى لىنىڭ ئىچىدە كۈلكىسى كەلدى، ئۇ چاندۇرماستىن، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دېدى.

ئەمما دون سېتتارى كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇ كۈندىن باشلاپ، توم كلېمىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئايال مۇھاپىزەتچىگە ئىش تېپىلدى. ئۇنىڭ توم كلېمىسىدىن كۆرسەتمە تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ دون سېتتارىنىڭ ئەتراپىدىلا يۈردى. دون سېتتارى ئايال مۇھاپىزەتچىگە خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇندى، لېكىن، ئايال مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلمىدى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن ئۆتتى، دون سېتتارى ئايال مۇھاپىزەتچىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، لى لى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، دون سېتتارى لى لىغا ئاسىرتتىن مۇقەددەس سوۋغا سۈپىتىدە بىر تال زەنجىر بەردى. مىلاد بايرىمىدا ئۇ تېخى ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ لى لىغا ياردەملەشتى.

4

تـوم كلېمىسى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، پات ئارىدا بالنىستىدىن چىقىشى ئېنىق ئىدى. دون سېتتارى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالدىراپ قالدى ـ دە، لى لىغا ئوچۇقىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى.



1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، دون سېتتارى سىرتتىن كىرىپلا، لى لىنى دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، سىرتقا چىقىلى دەپ چاقىردى. ئىككىسى سىرتقا چىقىپ يېقىن ئەتراپتىكى گۈللۈككە كىرىپ، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

- دون سېتتارى ئەپەندى، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟- دەپ سورىدى لى لى. دون سېتتارى گەپنى ئۇچۇقلا قىلىپ:

- مۇھىم بىر ئىش بار، ماڭا ياردەم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. ئىشنى پۈتتۈرەلىسىڭىز 10 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىغا ئېرىشىسىز ،- دېدى. لى لى ئۇنىڭ گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلدى، ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

- مېنى نېمە ئىش قىل دەيسىز؟- دەپ سورىدى.

- بەك ئاددىي، سىز پەقەت پۇرسەت تېپىپ، جىڭاننىڭ يېنىدىكى «مۈلۈك ھەدىيەنامىسى» نى ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.

- بۇ ... بەلكى ...

دون سېتتارى ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال يەنە ئازراق پۇل قوشۇپ:

- 15 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرى بېرەي، قانداق؟- دېدى. لى لى بېشىنى چايقىدى.

دون سېتتارى لى لىنى پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، 20 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

- ئەمدى بولغاندۇ؟ سىز پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال دۆلىتىڭىزگە قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ پۇلنى 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ! ئۇقۇشۇمچە، سىلەرنىڭ جۇڭگودا 100 مىڭدىن ئارتۇق پۇلى بارلار كىچىك مىليونېر ھېسابلىنىدىكەن،- دېدى. لى لى يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن:

- سىز مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرىپ چىققانمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھەئە.

- ئۇنداقتا مەن بولمايدۇ دەپ جاۋاب بېرىمەن.

- بولمايدۇ؟ نېمىشقا بولمايدۇ؟ پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتامسىز؟

- نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى مەن سىزگە دەپ بېرەي، سىز بېرىمەن دېگەن ئىش ھەققى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ھارام پايدا» ، يەنى ئۇ ناتوغرا ۋاستە ئارقىلىق ئېرىشكەن بايلىق دېگەن مەنىدە. مەن بولسام بىر جۇڭگولۇق، گەرچە سىزدىن كۆپ نامرات بولساممۇ، بۇنداق ۋاسىتە ئارقىلىق پۇل تاپمايمەن. سىز مۇشۇ ئىش توغرىلىق مېنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىسىز، بۇ مەن ئۈچۈن ھاقارەت! شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىڭاننىڭ خانىمغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق، ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ، ئەگەر ئۇ مۇشۇ مال - مۈلۈكتىن ئايرىلىپ قالسا، قانداق ياشايدۇ؟ ئادەملەر بىر - بىرىگە ئۇنداق رەھىمسىز بولماسلىقى كېرەك، سىز جىڭاننىڭ خانىمنىڭ ئېرى بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك!

- بۇ ... لى خانىم، يەنە بىر ئويلىنىپ باقامسىز قانداق؟

لى لى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئويلىنىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، مەن قايتىمەن،- دېدى. لى لى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان دون سېتتارىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

دون سېتتارىنىڭ كاللىسى ئوتتۇر ئىدى، ئۇ دەرھاللا يېڭى بىر چارە ئويلاپ تاپتى، يەنى ئۇ لى لىنى قوغلىۋېتىپ، جىڭاننىڭ ۋەسىيەت نامىدا ئۆزى تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ئۆي خىزمەتچىسىدىن بىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بولدى.

لى لى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى، چۈنكى ھېلىقى كۈندىن باشلاپ دون سېتتارى توم كلېپسىنىڭ ئۆيىدىن كەتكەنىدى. لى لى تېخى ئۇنى مەقسىتىگە يېتەلمەي، نىيىتىدىن يانىدۇ بولغاي دەپ ئويلىغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ دون سېتتارىنىڭ سۇيىقەستىنى بالدۇرراق بىلىپ قالدى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، لى لى ئارقا ھويلىدىكى گۈللەرگە دورا پۈركۈپ بولۇپ قايتىپ كىرىپ، دون سېتتارىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خانىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ ھامان، ئۇ مېنىڭ خانامغا پەقەت كىرمەيدىغان، بۈگۈن نېمە ئىش بولغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال ئۆز خانىسىغا كىرىپ ئاختۇرۇپ، پاسپورتىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلدى.

چەت ئەللەردە پاسپورت يۈتتۈرۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، پۇل بولمىسا تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققىلى بولىدۇ، پاسپورت بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، ساقچى ئۇنى قاماپ قويىدۇ، لى لى ئىككىلەنمەستىنلا، تېلېفون ئارقىلىق ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار شۇ ھامان يېتىپ كەلدى، لى لى ساقچىلارغا ئەھۋالنى ئېيتتى ھەمدە دون سېتتارى ئۆزىگە بەرگەن شاكىلات ۋە زەنجىرنى تاپشۇرۇپ بەردى، ساقچىلار كەلگەندە، دون سېتتارى كەتمەكچى بولغانىدى، لى لى ئۇنى چاقىرتۋالدى. ساقچىلارنىڭ سوراق قىلىشى بىلەن، دون سېتتارى ئوغرىلىۋالغان، لېكىن تېخى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن پاسپورتنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ساقچىلار دون سېتتارىنى ئېلىپ كېتىپ، بارلىق ئەھۋالنى شۇنداق تېز ئېنىقلاپ چىقتى. دون سېتتارى قويۇپ بېرىلدى، ئەمما قانۇننىڭ ھۆكۈمى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، توم كلېپسى دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ دوختۇرخانىغا ئەھۋال ئىگىلىگىلى بارغان ساقچىلاردىن بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى. شۇڭا ئۇ قايتىپ كېلىپلا لى لىغا رەھمەت ئېيتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، توم كلېپسى رېستورانىدىن بىر ئاشپەزنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئاۋستىرالىيەچە تاماق ئەتكۈزۈپ، لى لىنى مېھمان قىلدى. تاماق ئۈستىدە توم كلېپسى لى لىغا ھاراق تۇتتى ھەمدە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن 10 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرى بەردى. لى لى بۇنى قەتئىي رەت قىلدى.

1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرى لى لىغا بوۋىسىنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاغرىپ قالغانلىقى، ئىشنى تاشلاپ ئالدىدا تۇرغانلىقى، لى لىنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا تېلېفون كەلدى. توم كلېپسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، لى لىنى ئېلىپ قالماقچى بولدى، لى لى تېخى بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ۋەتەندىن، ئاپىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىر، تېز قايتىڭ دېگەن مەزمۇندا جىددىي تېلېگرامما كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، لى لى دەرھال ۋەتەنگە قايتىش قارارىغا كەلدى. توم كلېپسى ئەپەندى ئۇنىڭغا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بەردى ھەمدە ئۇنى ماشىنا بىلەن ئايرودرومغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

نىغمەت (ت)



# جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇھىم جىنايەتچىنىڭ قانۇن تورىغا چۈشۈشى





كورىن چالكېر 30 ياش، 30 نەچچە قاتىللىق دېلوسىغا چېتىشلىق، 17 قېتىم بانكىنىڭ پۇل توشۇش ئاپتوموبىلىنى بۇلىغان. جەنۇبىي ئافرىقا ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى قولغا ئېلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەن. ئۇ ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ، ھەر ئىككى قېتىم تۈرمىدىن مۆجىزىيەقىيەتلىك قېچىپ چىققان. قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بۇ ئەبلەخ يېقىندا يەنە ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، سوتقا ئېلىپ چىقىلدى. . . .

## دەرىجىدىن تاشقىرى تۈرمىگە سولىنىش

1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يوھاننىس سوتخانىسى ئالدىنقى بىر نەچچە كۈندە، مۇھىم جىنايەتچى كورىن چالكېرنىڭ قانۇن تورىغا چۈشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ تالىشىپ خەۋەر قىلىدىغان مۇھىمخەۋىرى بولۇپ قالدى. چالكېرنىڭ قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق دېلوسى بۈگۈن سوت قىلىنىدىغان بولغاچقا، قاق سەھەردىلا، گېزىت، تېلېۋىزىيە، رادىئو مۇخبىرلىرى سوتخانىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ كەلگەن ئىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، بىر ساقچى ئاپتوموبىلى سىگنال بېرىپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى، ئۇن نەچچە قوراللىق ساقچى ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەتراپنى كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىپ، چالكېرنى تارتقۇشلاپ چۈشۈردى.

چالكېرنىڭ يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. سول كۆزىنىڭ ئىششىپ، كۆزىنىڭ ئەتراپىدا روشەن ئارتۇق ئىزى قالغانلىقىدىن ئۇنىڭ ساقچىلار بىلەن خېلى قاتتىق تۇتۇشقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەبلەخنىڭ كاللىسى ئىنتايىن سەگەك، ئادەم ئۆلتۈرۈشنە تولىمۇ چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ باققانلىكى ساقچى ئۇنىڭ يامانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، چالكېر ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈشى بىلەن، ساقچىلار ئۇنى دەرھال سوتخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

بۇ ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغاندىن بۇيان ئۈچىنجى قېتىم ئاشكارا رەسمىي سورۇندا پەيدا بولۇشى ئىدى.

بۇ قېتىمقى سوتنى ئېچىشتىكى مەقسەت خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش بولغاچقا، سوتمۇ ئۇزۇن ئېچىلمىدى، سوتچى چالكېردىن بىر نەچچە ئاددىي سوئالنى سوراپلا، سوتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ چىڭ تۈرمە - پرېتورىيە دەرىجىدىن تاشقىرى تۈرمىسىگە سولىنىپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى.

پرېتورىيە دەرىجىدىن تاشقىرى تۈرمىسى دۇنياغا داڭلىق تۈرمە بولۇپ، تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، جەنۇبىي ئافرىقىلىق جىنايەتچىلەر ئۇنىڭغا «ھالاكەت تۈرمىسى» دەپ نام قويىۋالغان ئىدى. بۇ تۈرمىگە سولانغان

جىنايەتچىلەرنىڭ كۆندىلىك شامالداش ۋاقتى ئاران بىر سائەتلا بولۇپ، قالغان ۋاقىتتا پۈتۈنلەي يالغۇز كىشىلىك كامېردا ياتاتتى. جىنايەتچىلەر يۇيۇنىدىغان چاغدا كىشەنلىنىپ ئېلىپ چىقىلاتتى، كىشەن يەنە مۇنچىنىڭ جازىسىغا چېتىپ قويۇلاتتى، بۇنداق چاغدا تۈرمىدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىدى.

جوھانىسبورگ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر مۇخبىرى تۈرمىنىڭ ئالاھىدە ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قوراللىق ساقچىنىڭ قوغدىشى بىلەن تۈرمىگە كىرىپ چالكىېرنى زىيارەت قىلدى: «ھازىر قانداقراق ھېسسىياتتا بولىۋاتىسىز؟» ئويلىمىغان يەردىن، چالكىېر تۈرمىنىڭ ناچار مۇھىتىغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا: «ناھايىتى ياخشى، بۇ يەر بولىدىكەن!» دەپ جاۋاب بەردى.

## ئىككى قېتىم تۈرمىدىن قېچىش

چالكىېر 90 - يىللاردا مەخسۇس ئاپتوموبىل ئوغرىلاش شايكىسىغا قاتناشقان. 1993 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق ھەرىكەتتە بەش نەپەر شېرىكى بىلەن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ھەمدە تۈرمىگە تاشلانغان، لېكىن ساقچىلار ئۇنىڭ جىنايەت پاكىتىنى تېخى ئەكشۈرۈپ بولماستىنلا، ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ كەتكەن.

چالكىېر بۇنىڭلىق بىلەن ئەسكىلىكتىن قولىنى يىغىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ غالجىرلىشىپ بانكىلارنىڭ پۇل توشۇيدىغان ئاپتوموبىللىرىنى بۇلاش يولىغا ماڭغان. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بانكىنىڭ پۇل توشۇيدىغان ئاپتوموبىلىنى بۇلاش دېلوسىدىن 17 نى، قاتىللىق دېلوسىدىن 30 نى سادىر قىلغان. ئۇنىڭ دېلو سادىر قىلىش ۋاستىسى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا قول سېلىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى كۆڭۈل قويۇپ پىلان تۈزۈپ، شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەن ھامان، پۇل توشۇيدىغان ئاپتوموبىلغا قانچىلىك پۇل قاچىلانغانلىقىدىن قەتئىينەزەر يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ پۇل توشۇغۇچى خادىملارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قول سېلىۋەرگەن. شۇڭا ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ساقچى دائىرىلىرى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن مۇھىم جىنايەتچى بولۇپ قالغان.

ھەددىدىن ئاشقانلار ھامان بىر كۈنى جازىسىنى يېمەي قالمايدۇ. 1997 - يىلى 6 - ئايدا، چالكىېر بىر قېتىملىق قوراللىق بۇلاڭچىلىقتا ساقچىلار بىلەن تۇتۇشۇپ قىلىپ، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي تەسلىم بولدى، ساقچىلار ئۇنى پرېتورىيىدىكى بىر تۈرمىگە سولىدى، ئۇ بۇ قېتىممۇ تۈرمىدە يېرىم يىل ياتا - ياتمايلا، قېچىش پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا، چالكىېر تاسادىپىي ھالدا ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەتكە دۇچ كېلىپ قالدى. تۈرمىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ جىنايەتچىگە يېقىن كېلىشىگە قەتئىي يول قويۇلمايتتى، لېكىن 1997 - يىلى 12 - ئايدا، بىر تۈرمە ساقچىسى بۇ بەلگىلىمىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، يالغاندىن كېسەل بولىۋالغان چالكىېرنى كۆرگىلى كىردى، چالكىېر چاقماق تېزلىكىدە ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلىۋېلىپ، تاپانچىنى گېلىغا تىرىدى، شۇنداق قىلىپ چالكىېر بۇ ساقچىنى گۆرۈگە ئالدى.

چالكىېر بىر قولىدا ساقچىنى تۇتىۋېلىپ، يەنە بىر قولىدىكى تاپانچىدا ئالدىغا كەلگەن ساقچىلارغا توختىماي ئوق ئۈزۈپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، ساقچىلار ئۆز سەبدىشىنىڭ ھاياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئىش شۇ بولدىكى، چالكىېرنىڭ ھېلىقى تاپانچىنى تۈرمىگە قانداق قىلىپ ئېلىپ كىرگەنلىكى تاكى ھازىرغىچە ھېچكىم ئېنىقلىيالمىغان سىر ئىدى.

## مېھمانخانىدىكى «كومېدىيە»

چالكىېرنىڭ تۈرمىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ چىققانلىقى جەمئىيەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى بولۇپمۇ پايتەخت پرېتورىيە خەلقى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، خۇددى چالكىېر تۇيۇقسىز ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، جېنىنى ئالىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. جەنۇبىي ئافرىقا ساقچى دائىرىلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، خەلققە تورنى كەڭ يېيىپ، بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە چالكىېرنى تۇتۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى.

ئەپسۇسكى، ساقچىلار چوتنى خاتا سوققان ئىدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ تۇتماقچى بولغىنى ئادەتتىكى بىر قاچقۇن جىنايەتچى بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن قوۋ ۋە ۋەھشى قاتىل ئىدى. چالكىېر تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياكى يوشۇرۇپ ئۆلتۈرمىدى. بەلكى ھەر خىل ئاماللارنى قوللىنىپ، ساقچى تەرەپنى كولدۇرلىتىشقا باشلىدى، نۇرغۇن كىشى ساقچىلارغا دېلو مەلۇم قىلىپ، چالكىېرنىڭ «باۋما» ماركىلىق پىكاپىنى ھەيدەپ پرېتورىيە كوچىلىرىدا يۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشاتتى، لېكىن ساقچىلار ھەر قېتىم نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، چالكىېرنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالماي قۇرۇق قول قايتىشاتتى.

1998 - يىلى 2 - ئايدا، جەنۇبىي ئافرىقا مۇھىت ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى پىت مۇكاپ ئۆزىنىڭ 40 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، نەچچە ئون بۇرادىرى بىلەن مەلۇم مېھمانخانىدا جەم بولدى. ئولتۇرغان مېھمانلار تۇيۇقسىز ھاڭ - تاڭ قېلىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى، ئەسلىدە چالكىېر غايىپتىن ئۇلارنىڭ سورۇنىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن تەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان چالكىېر خالىغىنىنى يەپ - ئىچىپ، ناھايىتى بىخارامان ئولتۇردى، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرى قاچقۇن جىنايەتچىگە قىلچىمۇ ئوخشىمايتتى. سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىچىدىن 10 غا يېقىن كىشى ئۇنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن مۇھىم جىنايەتچى چالكىېر ئىكەنلىكىنى تونۇغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرەكلىك ھالدا ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى، ئۇلار ئۆزلىرى بىر - بىرىگە ئىما - ئىشارەت قىلىپ قالسا، چالكىېر بايقاپ قېلىپ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇشتى. قىزىق يېرى شۇكى، مىنىستىر ئەپەندى مۇكاپ بۇ «كومېدىيە» دىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئولتۇرۇپ، كەچ سائەت 11 بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ساھىبخان تېخى خۇماردىن چىقمىغاچقا، سورۇن







داۋاملىشىۋەردى. قوشنا ياتاقتا ياتقان مېھمانلار ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىغا تاقەت قىلالماي قالغان ئىدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاچچىقى يامانراق بىرسى دەرھال ساقچىغا تېلېفون بېرىپ ياردەم سورىدى. ساقچىلار مېھمانخانىغا يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئويۇقسىز چالكېرنىڭ غايىپ بولغانلىقىنى بايقاپ، يەنە بىر قېتىم ھەيرانۇ - ھەس قېلىشتى. مۇكاپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھېلىقى توخۇ يۈرەك ھەمراھلىرىنى ئاغزىنى بۇزۇپ قاتتىق تىللىدى ھەمدە ئەگەر مەن چالكېرنى تونۇپ قالغان بولسام، قېرى جېنىمنى تىكىپ قويۇپ ئېتىشقان بولاتتىم. ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتىم، دەپ ۋارقىراپ - جاقىراپ كەتتى.

## ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشۈش

«مېھمانخانىدىكى ۋەقە» نى ئەڭ باشتا «پرېتورىيە مۇنبەر گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سېننىدى مارتىن خەۋەر قىلدى، ئۇنىڭ تەپسىلىي خەۋىرى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، بۇ گېزىت كىشىلەرنىڭ تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ئەتىۋارلىق گېزىتىگە ئايلىنىپ قالدى. خوجايىنىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان مارتىن شۇ ئاخشىمى خوشال ھالدا ئۆيىگە بوراندەك ئۇچۇپ كىرىپ، تېخى بىرەر يۇتۇم چاي ئىچمەي تۇرۇپلا تېلېفونى جىرىڭلىدى. مارتىن ھەقىچان بىرەر ئوقۇرمەندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ تېلېفوننى قولىغا تۇتتۇدى، بىر بوغۇق ئاۋاز كەلدى:

- قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن سىزنىڭ ماقالىڭىزدىكى باش پېرسوناژ چالكېر!

مارتىن تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى:

- سىز قانداق قىلماقچى؟ مەن ماقالامنى چىن يازدىم شۇ!

- سىز ئۇنداق قىلمىدىڭىز، سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىكەنسىز، پەقەت ساقچى تەرەپنىڭلا گەپلىرىنى ئاڭلاپسىز، مەن بىلەن كۆرۈشكىڭىز بارمۇ؟ مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى ۋە پىلانلىرىمنى ئاڭلاپ باققىڭىز بارمۇ؟

ئىش ھالا بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، چېكىنىپ چىقىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايتتى، ئەگەر چالكېر مارتىننىڭ كۆرگىلىكنى كۆرسىتىمەن دەيدىغان بولسا، مارتىن دەسلەپتە بىرەر - ئىككى كۈن ئۆزىنى دالدىغا ئالالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن بەربىر قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مارتىن بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

- نەدە كۆرۈشىمىز؟

- پرېتورىيە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى «جەنۇبىي ئافرىقا گۈلى مېھمانخانىسى» دا!

ئەتىسى «پرېتورىيە مۇنبەر گېزىتى» يەنە بىر قىزىق نۇقتا خەۋىرى «ساقچىلارنىڭ بۇرنى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت» نى باستى.

ساقچىلار تەرەپ - تەرەپتىن چالكېرنى ئىزدەۋاتقاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساقچىلارنى ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچ سائەت 8 دە، جەنۇبىي ئافرىقا ئاۋازى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاخبارات مۇلاھىزىسى پروگراممىسى باشلاندى، رىياسەتچى مۇنداق دېدى: «بۈگۈن بىز مۇلاھىزە قىلىدىغان يېڭى تېما يېقىندىن بېرى كۆپچىلىك ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان چالكېر دېلوسى، رادىئو ئاڭلىغۇچى دوستلار، بىزگە قىزىق لىنىيىلىك تېلېفون بەرسە بولىدۇ. ھەر كۈنى كەچتىكى مۇھىم ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ پروگراممىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بۇ قېتىم چالكېر دېلوسى مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولغاچقا،

كىشىلەر بۇ پروگراممىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بۇ قېتىم چالكېر دېلوسى مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولغاچقا، قىزىق لىنىيىلىك تېلېفون ناھايىتى قىزىپ كەتكەن ئىدى.

پروگراما شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ بېرىم سائەت بولغاندا، تېلېفوندىن تونۇقسىز چالكېرنىڭ ئاۋازى كەلدى: «رىياسەتچى ئەپەندى، ياخشىمۇسىز؟ تېلېفونىڭىزنى ئېلىش ھەققەتەن قىيىن ئىكەن، مەن سىلەر مۇنازىرە قىلىۋاتقان چالكېر. مېنى زىيارەت قىلىشىڭىزنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن، كۆپچىلىكنىڭ قالغان يېرىم سائەت ۋاقتىنى رىياسەتچى ئەپەندى بىلەن ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. قوشۇلامسىلەر؟ رىياسەتچى ماقۇل بولغاندىن كېيىن، چالكېر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «قالغان يېرىم سائەت ۋاقىتتا، مەن رىياسەتچىگە ھەر 3 مىنۇتتا بىر قېتىم تېلېفون بېرىمەن، رىياسەتچى ئەپەندى مەندىن ھەر قانداق سوئالنى سورىسا بولىدۇ». شۇبھىسىزكى چالكېر ساقچىلارنىڭ تېلېفوننى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنى تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تېلېفون بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

## مىلاد بايرىمى ئاتكرىتكىسى

زىيارەت داۋامىدا، چالكېر رىياسەتچىگە دەردىنى تۆكۈپ، بۇ بىر نەچچە ئايدا كۆپ دىشۋارچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ گۇناھسىز، پاك ئىكەنلىكىنى، ھېلىقى 30 قېتىملىق قاتىللىق دېلوسى ۋە 17 قېتىملىق بۇلاڭچىلىق دېلوسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ زەھەر سودىسىغا قاتناشقاندىن باشقا ھېچقانداق دېلو سادىر قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. پروگراما ئاخىرلىشاي دېگەن چاغدا، ئۇ يەنە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئاشۇ 17 قېتىملىق بۇلاڭچىلىق دېلوسىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى باش پىلانلىغۇچىسىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ باشقا بىرى بولماستىن، بەلكى دەل مېنى تۇتۇشنى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغۇچى - ساقچى دائىرىلىرى ئالاھىدە تەكشۈرۈش قىسمىنىڭ مۇدىرى بوش ئېنگابورت بولىدۇ!»

ئەتىسى، بۇ ئىشنى پۈتۈن شەھەردىكىلەر بىلىپ كەتتى. ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن ئېنگابورت پۈتۈن شەھەر خەلقىگە: «چالكېرنى مىلاد بايرىمىدىن بۇرۇن چوقۇم تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلايمەن!» دەپ قەسەم بەردى.

مىلاد بايرىمى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ساقچىلار چالكېرنىڭ ئۆزىنى تۇرماق سايىسىنىمۇ تاپالمايۋاتاتتى. ئېنگابورت تېرىكىپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ چېچەن خوتۇنى ئۇنى بىردەم بولسىمۇ غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، بازار ئايلانغىلى باشلاپ چىقتى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بازارغا كېلىپ پىكاپتىن چىقىۋاتقاندا، بىر پىكاپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختاپ، بىر ئەر كىشى چۈشتى، ئېنگابورت ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ بولغىچە، قۇلىقىغا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «مىلاد بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!» چالكېر شۇنداق دەپلا ئېنگابورتنىڭ قولىغا بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئېنگابورت قاتتىق گۇمان ئىچىدە كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئېچىۋىدى. ئىچىدىن بىر پارچە مىلاد بايرىمى ئاتكرىتكىسى چىقتى. ئۇ چالكېرنىڭ مۇبارەك ئىسمى يېزىلغان بۇ ئاتكرىتكىنى بىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى.

## ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ تومشۇقىدىن ئېلىنىشى

چالكېر كاللىسىنى ئىشلىتىپ ساقچىلارنى ئەخمەق قىلىپ، ناھايىتى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن تونۇشلۇقى بولمىغان بىر ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ بېشىدا، ساقچىلار بىر سىرلىق تېلېفوننى قوبۇل قىلدى، تېلېفون بەرگۈچى ساقچىلارغا چالكېرنىڭ ھازىر مۇشۇ نېرسبورت شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆيىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە قېتىم تاسادىپىي كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، ساقچىلارنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، قوغداش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

چالكېرغا توپ - توغرا بىر يىل ئەخمەق بولغان ساقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنىمۇ چالكېرنىڭ بىرەر ھىيلە - مىكرى بولۇپ قالمىغىيدى، دەپ گۇمان قىلىشتى، لېكىن ئېنگابورت تېلېفوندا مەلۇم قىلىنغان ئەھۋال راست ياكى يالغان بولسۇن، دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ چارلاش كېرەك، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن، 20 نەچچە ساقچى نىشانغا يېتىپ بېرىپ نۆۋەت بىلەن «دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتتى». ساقچىلار ئىككى ھەپتىگىچە ساقلاپمۇ، چالكېرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىيالماي، بارغانسېرى بوشىشىقا ھەتتا ئېنگابورتمۇ ساقچىلارنى قايسى چاغدا چېكىندۈرۈش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە، چالكېر پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ساقچىلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قۇتۇلالمىدى. چالكېر ئادەتتە ئانچە كۆپ كەلمەيدىغان ئۇۋۇسىغا كىرىشى بىلەنلا، ساقچىلار ئولاش - چولاش يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى يەرگە باستى.

چالكېرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى يەنە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خەۋىرى بولۇپ قالدى. جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چالكېرنى تۇتۇشقا قاتناشقان ساقچىلارنى تەبرىكلەپ شەخسەن تېلېفون بەردى. شۇنداق قىلىپ، ساقچىلارمۇ كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان ناقىپىلاردىن بىردەمدىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر قەھرىمانلارغا ئايلاندى.

قاھار ئۇسمان (ت)



# شىنجاڭدا باندىت تازىلاش



لى باۋشېڭ

## ئوسماننىڭ ئۆزىنى چاغلىماي مەخپىي توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىشى؛ ئامېرىكىنىڭ كونسۇلى ماكىناننىڭ جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىدە باندىتلارغا يەل بېرىشى

1950 - يىل باھار - شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن تۇنجى باھار ئىدى. لېكىن، ئەتراپ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك باھار تۇيغۇسىغا كىرگەن بولماستىن، كەينى - كەينىدىن ياغقان قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئىدى. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدىكى بىر بۆلۈك كوماندىر - جەكچىلەرنىڭ ۋە سىياسىي باندىت ئوسمان بىلەن گومىنداڭ ئىشپىيونى يولۋاسلارنىڭ توپىلىڭى قوشۇلۇپ بىر قەۋەت تۇتەك ھاسىل قىلغان ئىدى.

ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدىكى بىر بۆلۈك كوماندىر - جەكچىلەر ۋە ئوسمان، يولۋاسلار قوزغىغان توپىلاڭ ئۆزۈندىن بۇيان پىلانلانغانىدى. ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچى ۋە قوللىغۇچىسى دەل ئامېرىكىنىڭ دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا تۇرۇشلۇق كونسۇلى باماۋسۇن (ئەسلى ئىسمى پايكستون) بىلەن مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان ئىدى.

1949 - يىلى 5 - ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالنى توسالغۇسىز ھالدا ئازاد قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى كۆرگەن ئامېرىكا كونسۇلى باماۋسۇن ۋە مۇئاۋىن كونسۇل ماكىنان ئەنلىيادىكى 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن قوشنا بولغان كونسۇلخانىدا ئالللىقاچان تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى مەسئۇد، مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى ئەيسا ھەمدە ئوسماننىڭ ۋەكىلى زاكىر قاتارلىقلار بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى توساشنى پىلانلىدى. مۇبادا، بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمىسا، دۆلەتنى پارچىلاشتىن ئىبارەت قارا بايراقنى كۆتىرىپ چىقىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خام خىيالىدا بولدى.

8 - ئاينىڭ باشلىرى شىئەن، باۋجى شەھەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئازاد قىلىندى. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زور قوشۇنى غەربىي شىمالدىكى مۇھىم بازار - لەنجۇغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتى باماۋسۇن ۋە ماكىناننىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇلار باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان سۇيىقەستنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.دە، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يەنە مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا، ئوسمان ۋە يولۋاسنىڭ ۋەكىلى قاتارلىقلارنى شىمگودىكى ئارشاڭ يېنىغا توپلاپ ئاقايىل ئورۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشتى.

شىمگودىكى مەخپىي يىغىندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، باماۋسۇن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق تونۇپ، «ۋەتەنگە قايتىپ، خىزمىتىمدىن دوكلات بېرىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزىگە چېكىنىش يولى ھازىرلاپ، مۇئاۋىن كونسۇل ماكىناننى سەھنىگە چىقاردى ھەمدە ئۆمىدىنى ئوسمان بىلەن يولۋاسقا باغلىدى.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى، ئازادلىق ئارمىيە خېشى كارىدورىدىكى مۇھىم بازار جاڭيې، گاۋتەيلەرنى ئىگىلەپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان كىكىرتەك جيۇچۈەنگە توپلاندى. گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى تىنچلىق تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. تاۋسىيۇ، بۇرھانلار بىر تەرەپتىن ئۇرۇش تەرەپدارلىرىدىن لو نورىن قاتارلىقلارغا ھە دەپلا قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. دىخۇادىن باشقا جايلارنىڭ ئىشلىرىغا چولىسى تەگمەيۋاتاتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئوسمان گوچۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چېبى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چوڭگۇندا يايلىقىدا ئۆزىنىڭ 9 نەپەر ئاتارمىنى ــ ئورازباي، سىدىق، ئادىلقان، مۆمىنباي، قۇسايىن، سالىخ، جانىمقان، يولۋاس، ئالتۇنبېك ھەمدە ئوسماننىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن چوڭ ئوغلى شىردىمان قاتارلىقلار بىلەن كېڭەش قىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقان، ئازادلىق ئارمىيە تېخى مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرمىغان، ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيىنى تېخى چۈشىنىپ كەتمىگەن مۇشۇنداق پەيتتە، يولۋاس ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى ئوفېتسېرلار بىلەن بىرلىشىپ، قازاق چارۋىچىلارنى قوزغىتىپ ۋە ئالداپ، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى.

ئوسماننىڭ كىگىز ئۆيى گۈل ـ گىياھلارغا ئورالغان ئوتلاقتا تىكىلگەن بولۇپ، ئادەتتىكى كىگىز ئۆيلەردىن خېلىلا چوڭ ئىدى. ئەتراپتىكى چوڭ ـ كىچىك كىگىز ئۆيلەر خۇددى يۇلتۇزدەك ئوسماننىڭ كىگىز ئۆيىنى ئوراپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ جاي يىراقتىن خۇددى بىر كۆچمە قەلئەگىلا ئوخشايتتى.

ئوسمان ئۆيىنىڭ قىلىق ئوتتۇرىدا ياداشقانى قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بەستلىك بەدىنى كىگىز ئۆينىڭ خېلى چوڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان ياداڭ قورساق مۇرتلىرىنى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تۈكلۈك قوللىرى بىلەن بومبا ساقىلىغا يېپىشىپ قالغان قۇرۇق ئۈزۈندىلىرىنى سىلاپ چۈشۈرۈپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ــ پەيغەمبىر ئوسمان بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئالتۇن دەۋرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغانمەن! خۇدانىڭ نەزىرى ماڭا چۈشكەن، ماڭا ئىشەنگەنكىن، پەيغەمبىر خۇدا يولىدا ئىش تۇتۇپ، ئاراب ـ ئوقۇبەت تارتىۋاتقان خۇدانىڭ بەندىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ھەقلىقمەن!

ــ كومپارتىيە يايلاقتا كېلەي دەپ قالدى، بالايى ـ ئاپەتمۇ كومپارتىيىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بېشىمىزغا چۈشىدۇ. كومپارتىيە مال ـ بۇلۇڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئورتاق قىلىپلا قالماي، يەنە دىنىمىزنىمۇ يوقىتىدۇ. ئۇلار تۇرمىدىنمۇ بەتەر، مالچىلار پەيغەمبىر بىز قازاقلار ئەلمىساقتىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئوتلىقلىرىمىزنى قوغداش، خۇدانىڭ ئىسلام مۇرتلىرىغا سادىق بولۇش ئۈچۈن ھەر قانداق مۇشكۈلاتنى تارتىشقا، خۇدا يولىدا ئۆزۈمنى ئاتاشقا تەييارمەن.

ــ گومىنداڭدىكى ئاشۇ قورقۇنچاقلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان بولسىمۇ، كومپارتىيە تېخى مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرالمىدى. ما جۇڭيىڭ، ئېپچىگىلار كۆمۈپ قويغان ئاشۇ بومبىلار كومپارتىيىنىڭ ئۇغىسىنى قايناتماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىر مەھەل يايلاقتا چولىسى تەگمەيدۇ. مانا بۇلار خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەت. قېرىنداشلار، بىز خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەتكە ئاتلىنايلى!

ئوسماننىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان چوڭ ـ كىچىك كاتتىۋاشلاردىن جانىمقان، ئورازباي، ئادىلقان، مۆمىنباي قاتارلىقلارنىڭ گۆلتەكەلىرى ئېچىلىپ، قوللىرىغا سۈت چاي چىنىلىرىنى ئالدى-دە، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي:

ــ بىز خۇدانىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلايمىز!ــ دېيىشتى.

ئوسمان كۆكتوقاي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، مولقى قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدا مال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالتاينىڭ قوي ـ يىلقىلىرىنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئاپىرىپ، تاشقى موڭغۇلىيىدىن چاي، قەن ـ گېزەك يۆتكەپ كېلەتتى. ئۇ ھەمىشە ئەتكەس بۇيۇملارنىمۇ ئەكىلىپ كۆپ نەپ ئالغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ 1931 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تاشقى موڭغۇلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن 3 ئاي نەزەربەنت قىلىنغان. ئۇ ئالتاي بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭغا ئالتاينىڭ تاغ ـ سۇلىرى، يايلاقلىرى بەش قولدەك ئايان بولۇپلا قالماي، بەلكى، موڭغۇل دۆلىتىدىكى بەزى كىشىلەر بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئالتاي رايونىدا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئامىنى قايمۇقتۇرۇپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىشىغا ئاساس سالغان.

1940 ـ يىلى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپىلاڭ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە چارۋىچىلارنىڭ قولىدىكى بارلىق قورال ـ ياراغلارنى يەنى، مىلتىق، ئوق ـ دورا، خەنجەر ـ پىچاق قاتارلىقلارنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە يىغىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ نەرسىلەر چارۋىچىلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان زۆرۈر بۇيۇملىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىزمىلدىن چارۋىچىلار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ قانداقمۇ بۇلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆزى قىيسۇن! شۇڭا، شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. شېڭ شىسەي چارۋىچىلارنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇلار كۆز قارشىدا چىڭ تۇرۇپ، قورال ـ ياراغلارنى يىغىۋالغاندا، شىنجاڭدىكى 7 ناھىيىنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى يەنى، بەبىي، ئەيجى، ئۇكۇردای، زالىڭ قاتارلىقلارنى دىخۋاغا كەلتۈرۈپ، نەزەربەنت قىلدى ھەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇپ، قورال ـ ياراغ يىغىشقا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلار ۋە ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى.

توقۇنۇش كىچىكلىكتىن زورىيىپ، كىگىز ئۆيلەردىن ئاۋۇلغا، ئاۋۇلدىن ئۇيۇنغا قاراپ كېڭەيدى. 1940 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شېڭ شىسەي دىخۋا، گۇچۇڭ، ئالتايدىن ئەسكەر يۆتكەپ، چارۋىچىلار بىلەن جەڭ قىلدى ھەمدە ئايروپىلان بىلەن چارۋىچىلار ۋە چارۋا ماللارنى دەھشەتلىك بومباردىمان قىلدى. ئوسمانمۇ بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. ئەينى چاغدا ئۇ ئىسمىقاننىڭ قول ئاستىدا خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

قوزغىلاڭ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم چارۋىچىلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بىر قىسمى بولسا كۆكتوقاي تېغىغا چىقىپ كەتتى. يۇرتىغا قايتىدىغانلار ۋە تاغقا چىقىپ كېتىدىغانلار كۆكىرتىدا ئۆز ئارا خوشلىشىدىغان چاغدا ئوسماننىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سېزىشتى. ئۇ ئىسمىقاننىڭ قەبىلىسىدىكى 40 نەپەر قاۋۇل ياشنى مەجبۇرىي

FAZHIZONGHENG



ئەگەشتۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە 3 دانە مىلتىقمۇ بار ئىدى.

مانا بۇ ئوسماننىڭ تۇنجى ئېرىلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئالدىغا باسقان تۇنجى قەدىمى بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بالدۇرلۇق ھاياتى باشلانغانىدى.

ئوسمان 40 ئادەمنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ياشلاپ جايلىرىدىن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار كوكسوزى بوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى يول ماڭىدۇ. ئۇلار سوگەت شاخلىرىدىن مال يەشاپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئۇستۈنكى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ كورتىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ كوكتوقايدىن ئالتايغا بارىدىغان تاشيولغا يېقىن جاي ئىدى. تاشيول يېنىدا بىر پوچتىخانا بار بولۇپ، بىر قانچە خىزمەتچىسىدىن باشقا، پوچتىخانىنى قوغداۋاتقان 11 نەپەر ئەسكەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە 4 تال مىلتىق، 100 قوي، 30 دىن ئارتۇق ئات كالا بار ئىدى. پوچتىخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا موڭغۇل مىللىتىدىن سارجاسا قاتارلىق 7 ئائىلىلىكنىڭ كىگىز ئۆيى بولۇپ، 30 دەك توپۇسى بار ئىدى. ئوسمان بۇ جاينى ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىشتىكى نىشانى قىلغانىدى.

كەچ كىرىپ، كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئوسمان قاتارلىقلار ئالدى بىلەن مىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن يېمەكلىكنى پوچتىخانا ئىشىكىنى بېقىۋاتقان ئىتقا تاشلاپ بېرىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەتتى-دە، ئاندىن 11 نەپەر ئەسكەر ۋە خىزمەتچى خادىم سارجاسا قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، پوچتىخانىنىڭ جىمى مال - مۈلكىنى بۇلىغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋېلىپ، پوچتىخانىدا «ئولجا» كۈتۈپ ياتتى. . .

ئالاھەزەل 3 كۈندىن كېيىن ئالتايدىن بىر خەنزۇ، بىر قازاق بولۇپ ئىككى ئالاقە توشۇغۇچى كەلدى. ئوسمان ئۇلار ئەكەلگەن ھۆكۈمەت ئالاقىسىدىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھەربىي ئەشيالار ئارتىلغان 200 دەك تۆگىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقى، ماددى ئەشيالارنى ھەربىي نازارەت ئاستىدا يۆتكىمەستىن بەلكى بىر نەچچە پۇقرا ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئوسمان بۇ ئاخباراتقا ئېرىشىپ، خۇددى قىممىز ئىچىپ كەيىپ بولغان ئادەمدەك قەۋەتلا خۇش بولۇپ: «خۇدا ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ، خۇدا ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بىر پاي ئوق بىلەن خەنزۇ ئالاقە توشۇغۇچىنى ئېتىپ تاشلىدى. قازاق ئالاقە توشۇغۇچىنى بولسا ئۆزلىرىگە يول باشلاش ئۈچۈن ئېلىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوسمان ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا ھەربىي ئەشيالار ئارتىلغان 220 تۆگىنى قولغا چۈشۈردى. 100 تۆگىگە ئۇن، 90 تۆگىگە كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، ئاياغ دېگەنلەر ئارتىلغانىدى. 10 تۆگىگە ھەر خىل ئوق قاچىلانغان ساندۇقلار ئارتىلغانىدى. ئوسمان بۇنىڭدىن خۇشال بولدى، لېكىن تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان ھەربىي ئەشيالار ئىچىدە ئۆزىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قورال بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى.

ئۇ بۇلىۋالغان ھەربىي ئەشيالار بىلەن قول ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئات سېتىۋېلىپ ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

ئوسمان گەرچە كۈچەيگەن بولسىمۇ، شېڭ شىسەينىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى تىرە - پىرەڭ بولدى. ئۇ ئاخىرى بىر نەچچە ئادىمى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى.

1942 - يىلى 3 - ئايدا، ئوسمان كىچىك خوتۇنى ۋە چوڭ ئوغلى شىردمان، كەلەس قاتارلىق 5 ئادەم بىلەن بەيتىك تېغىغا يېقىن قارامايىل دېگەن جايغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، بۇ يەردە ئارامنى ئېلىۋېلىپ، قايتىدىن تاغقا چىقىپ كۈچ توپلىماقچى بولدى. قارامايىلدا كەلەسنىڭ مالىك ھاجى داموللا دېگەن بىر تۇغقىنى بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ كىشىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاندىن ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈشمەكچى بولدى. ۋاھالەنكى، ئوسمان قاتارلىقلار باشقا بىرسىنىڭ كىگىز ئۆيىگە كىرىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇلار كىرگەن ئۆينىڭ ئىگىسى بىردىنلا ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ باندىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. ئوسمان شۇئان ھىيلىگەرلىك بىلەن: «مەن ئوسمان بولىمەن، بىز مالىك ھاجى داموللىنى ئىزدەپ كېلىشىمىز. بىز ئۇ كىشى ئارقىلىق بەيتىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سالىتقا ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولىدىغانلىقىمىزنى يەتكۈزمەكچى، سەن ساقچىغا بىزنى مەلۇم قىلساڭ بولىدۇ. . .» دېدى. ئۆي ئىگىسى ئوسماننىڭ مۇغەمبەرلىكىنى نەدىنمۇ بىلسۇن، ئۇ ئوسماننىڭ سۆزىگە ئاساسەن ساقچىغا مەلۇم قىلغىلى كەتكەندە، ئوسمان قاتارلىقلار بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆي ئىگىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككى ئادەمنى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. ئەمما ئۇلار قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ. ساقچى باشلىقى ئۇلارنى ئوسمانغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى قەستەن قاچۇرۇۋەتتى، دەپ بۇ ئۈچەيلەننى جازاغا تارتىدۇ. ئۇلار ئۆزۈلچىلىقتا ئۈچرىغاچقا، كېچىلەپ قېچىپ ئوسماننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئوسمان 5 ئادەمدىن 8 گە كۆپىيىدۇ.

1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1946 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان 3 يىلدا ئوسمان بىر نەچچىلا ئەگەشكۈچىسى بار باندىتلار توپىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئالتاي رايونىدىكى چوڭ زومىگەرگە ئايلىنىدۇ ھەمدە نۇرغۇن قېتىم شېڭ شىسەينىڭ كوماندىر - ئەسكەرلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ئاجايىپ رول ئوينايدۇ. باندىتلارنىڭ نەزەرىدە، ئوسماننىڭ كىچىك خوتۇنى ئوسمان بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان بىردىن بىر ئەلەمگە ماھىر مەرگەنگە ئايلىنىدۇ.

ئوسماننىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى كېلەڭسىز، سېمىز قېلىپ ئىدى. ئۇ سېمىزلىكىدىن ئاتقىمۇ ئاران مىنەلەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى پىشۇرۇش، چاي دەملەشتە ئېپى بار ئىدى. ئوسماننىڭ كىچىك خوتۇنى پاكار، ئاۋاق كەلگەن بولۇپ، ئەقىللىق ئايال ئىدى. بەدەن ئېغىرلىقى ئوسماننىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئاران 3 تىن 1 قىسمىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئات مىنىشكە ماھىر ۋە مەرگەن بولۇپ، ئوسماندىن قېلىشمايتتى. بولۇپمۇ، ئوسمان خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ بىر قانچە قېتىم قورشاۋ ئىچىدىن ئوسماننى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاچقا، باندىتلارنىڭ چوقۇنۇشىغا ئېرىشكەنىدى. ئوسمانمۇ ئۇنى «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن» دەيتتى.

1943 - يىلى قىشتا، بەيتىك تېغى قېلىن قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قار ئاتنىڭ تىزىغىچە كېلەتتى.



ئوسمان شىباڭ شىمەينىڭ قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانىدى. شىباڭ شىمەي قىش كىرىشتىن ئىلگىرى: ئەسكەرلەرنى ئالتۇن قازغۇچى ئىشچىلار قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ، ئوسمان ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان ئالتاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق جايلارغا توپلاپ، قىش كىرگەندىن كېيىن، قىلىن قارنىڭ ھىمايىسىدە تەدرىجى بېتىككە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئوسمان باندىتنى بىر يولىلا يوقاتماقچى بولغانىدى.

بەيتىك تېغىنىڭ باغرىدىكى قارىغايلىقتا كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ ئورۇنلىشىپ تېخى كۆڭلى ئارامىغا چۈشمىگەن ئوسمان كىگىز ئۆيدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى. چوڭ ئوغلى شېردىمان، كىچىك ئوغلى نەبى، جېيەنى قايىلبارى، كويئوغلى ئىبوستانلار قورقىنىدىن گەپ قىستۇرماي شۈك ئولتۇراتتى.

ئوسماننىڭ چوڭ خوتۇنى كىگىز ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا چاي قاينىتىش بىلەن بەنت ئىدى. «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن» بولسا ئىشىكتىن يۆلەنگىنىچە تاپانچىسىنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

شۇ ئەسنادا، مەسلىھەتچى قوسايىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، ئايىغىنىمۇ سېلىشقا ئۈلگۈمەي:

- ئوسمان باتۇر، ئالدىنلاردىكى تاغدىن كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، ئادەملىرىمىز خەنزۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى سېزىپ قاپتۇ. قوشۇن يوشۇرۇن ھالدا بىزگە يېقىنلىشىۋېتىپتۇ. سىزچە قانداق قىلساق بولار؟- دېدى.

- قانچىلىك ئادەمكەن؟- دېدى ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ.

- ئېنىق كۆرەلمەپتۇ، تەخمىنەن بىر قانچە يۈز ئادەمكەن.

- قېرىنداشلارغا ئۇقتۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلسۇن!- دەپ ئوسمان ئۆتىكىنى كىيگەچ.

- توختا!- دېدى ئوسماننىڭ كىچىك خوتۇنى ئەسلا يۈز-قولى يەنىكرۇۋاتقىنىغا ماڭماي دەپ تۇرغان قوسايىننى توختىتىپ، ئۇ كۆزلىرىنى چېكىملىگەن ھالدا،- خەقلەر تولۇق قوراللىنىپ كېلىۋاتقان تۇرسا، بىز تەييارلىقسىزلا جەڭگە ئاتلانساق بۇ تۇخۇملىقنى قاراپ تۇرۇپ تاشقا ئۇرغانلىق بولمامدۇ؟ خەقنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالمايمىزمۇ! بىر نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇنىمىزدىن ئەمدى بىر قانچە ئونلا ئادىمىمىز قالدى، بۇ ھالىمىز بىلەن قانداقمۇ خەققە چېقىلالايمىز...- دېدى.

- ئاپامنىڭ دېگىنى توغرا،- دېدى ئوسماننىڭ چوڭ ئوغلى شېردىمان «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»نىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ئۆتىكىنى كىيگەچ،- بۇ بىر قانچە كۈنلۈك يۈرۈشتە، قېرىنداشلىرىمىز چارچاپ ھالىدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ مىنگىدەكمۇ مادارى يوق، خەقنىڭ ئادىمى كۆپ، قورالى خىل، ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىز بىر گەپ...- دېدى.

- قەدىرلىكىم، سېنىڭچە بىز خەقنىڭ كاللىمىزنى ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتساق بولغىدەكمە؟!- ئوسمان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئادەتتە، ئوسمان «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»نىڭ گېپىنى يەرمايتتى. چۈنكى، بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە ئۇ خوتۇنىغا قايىل بولغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ گېپىنى يەرمايدىغان چاغلىرى پەقەت بەلگىلىك سورۇن ياكى ئۈچىنچى شەخس بولمىغان ئەھۋالدىلا كۆرۈلەتتى. ئۇ شېردىماننىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىغا دىرگۇماندا بولمىسىمۇ ھەم ئوغلىنى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچى ھەم باتۇر دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا ئوسمان بىردىنلا ئەتۇر تۈكىنى ئۆرىدى. بۇ ئۇنىڭ بىنورمال خاراكتېرى ئىدى.

شېردىمان دادىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ئۆتىكىنى كىيىپ، ئىگەرنى ئالدى-دە، ئۆيدىن ئوقتەك چىقىپ كەتتى. ئوسمان ھۇرپەيگىنىچە قولىنى بىر شىلتىۋىدى، قوسايىنمۇ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئوسمان چىقتى.

ئوسماننىڭ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»ى يۈگۈرۈپ چىققىنىچە:

- ئۇنداق جەڭگە چىقساق، خەق بىزنى قورشىۋېلىپ يەۋېتىدۇ، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالما يەنە،- دەپ توۋلىدى.

ئوسمان قەدىمىنى توختاتتى-دە:

- سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟- دەپ توۋلىدى.

«ئات ئۈستىدىكى خوتۇن» كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ:

- ساڭا قانچىلا بولسا بولامدۇ، قوي بىقتىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويىماسەن! جەڭ قىلىدىن كىچىلىۋاك، تۈرمىمىزنى داللىغا ئېلىپ ئېلىشايلى،- دېدى جاۋابەن.

ئوسمان خوتۇنىنىڭ ئىمىلىكە بۇنداق دېگەنلىكىنى سوراي دەپ تۇرۇشىغا تاغ تەرىپتىن چىقىۋاتقان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شۇ ئەسنادا قوسايىن ئېتىنى چېپتۇرغىنىچە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي:

- جاتاق بولدى، خىتايلار بىزنى قورشىۋالدى، بەن تاغ قاپىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قېرىنداشلىرىمىزغا تەييارلىق قىلىۋېلىشىمىزغا ۋاقىت چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن تېز كېتىپ تۇرۇشنى تاپىلىدىم،- دېدى.

ئوسمان خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىشتىن زالى يېنىپ قوسايىنغا كەسكىن ھالدا:

- تېز يۈرۈش چال، خوتۇن - باللار ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، چارۋا - ماللارنىڭ بىر قىسمىنىمۇ قالدۇرماي تاغ ئىچىگە يۆتكەلسۇن. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىنى مىنىپ تەييار بولسۇن، ئۇلارنىڭ كەلگىنى ياخشى بولدى. پىقىر يۈتخانىنى تارا چىقىشقان بولدۇم. قېرىنداشلارغا ئېيتقىن، ئۇلارنىڭ راسا ئادىمىنى يەلاسۇن! ئۇلجا ئالالىغان ئات، ئۇلاق، قورال - ياراغ كىمگە ئۇلجا ئالغان بولسا شۇنىڭ بولسۇن، پىقىرغا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس. خىتايلارنىڭ جەسىتى بەيتىك تېغىدا قالسۇن،- دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇرغا چېلىندى. ھەش - پەش دېگىچە كىشىلەر ئالدىراشچىلىققا چۆمدى. ئادەت بويىچە قىزلار، ئاياللار ۋە قورامىغا يەتمىگەن باللار كىگىز ئۆيلەرنى سۆكۈش، قازان - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇش، يۈكلەرنى تۆگىلەرگە تېڭىش، يىلقا - قويلارنى ھەيدەپ مېڭىش ئۆز رېتى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. يىگىتلەر ئىگەر - توقۇملىرىنى توقۇپ، قورالى بارلار قورال، قورالى يوقلار كالتەك - توقماق ئېلىپ تەييارلاندى...

ئوسمان قاڭشىرى ئاق، بېشى يوغان چىلان تورۇق ئېتىنى مىندى. ئۇنىڭ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»ى ئۆزىگە باپ كېلىدىغان كىچىك قارا ئاتنى مىندى. شېردىمان، قوسايىن قاتارلىقلارمۇ ئېتىغا



FAZHIZONGHENG

سىلىنىپ، ئوسماننىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ تاغ باغرىدا كۆرۈنچىلىك قىلىۋاتقان باشلار بەرداشلىق بېرەلمەي قالايمىقان توۋلىغىنىچە چېكىنىشكە باشلىدى.

ئوسمان ئېتىغا مىنگەن ھالدا بىر دەرەخنىڭ دالدىسىدا ئالدى تەرەپنى كۆزىتىپ تۇراتتى، قارشى تەرەپتىن ئوق تارىسلاپ ئېتىلىۋاتاتتى. قورشاپ كېلىۋاتقان قوشۇن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئوقلار قۇلۇقسىز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىشمۇ، لېكىن بىرەر تال ئوق تەگمىگەن ئىدى. ئۇ ئىچىدە بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى. شۇ ئەسنادا، بىر نەچچە ئەسكەر قوراللىرىنى تەڭلىگىنىچە ئوسماننى قورشاپ كەلدى. ئوسمان تاپانچىسى بىلەن بىر نەچچە ئەسكەرنى يىقىتتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان بىر ئەسكەر قورالىنى ئوسمانغا بەتلەپ ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا كوماندىرنىڭ:

- ئاتما، ئۇ دەل ئوسمان، تىرىك تۇتۇڭلار! - دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئوسمان شۇندىلا ئۆزىنى قانداقتۇر تەگدىشى يوق باتۇرلاردىن ئەمەسلىكىنى، خۇدانىڭ بالا - قازادىن ساقلىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئەمدى تۇتۇلۇپ قېلىشقا كۆزى يەتتى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسى خۇددى تاغدا ئوتلاپ يۈرگەن پادا - پادا قويلاردەك ھەر تەرەپتىن قورشاپ كېلىۋاتاتتى. ئوسمان ھەر قانچە مەرگەن بولغان بىلەن قورالىغا ئارانلا 10 پاي ئوق قاچىلىغىلى بولاتتى. ئۇ قورالىغا ئوق سېلىۋاتقاندا ھۆكۈمەت ئارمىيىسى يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئوسماننىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئىدى. شۇ ئەسنادا بىر قارا كۆلەڭگە خۇددى قۇيۇندەك ئېتىلىپ كەلدى. بۇ دەل ئوسماننىڭ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»ى ئىدى.

«ئات ئۈستىدىكى خوتۇن» ئېتىنى چاپتۇرۇپ، قارلىق تاغدىن ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ بىر نەچچىنى يىقىتتى، ئاندىن بىر پاي ئوق بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان كوماندىرنىڭ شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئوسمانغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر كۆز ئالدىدىلا قېرىنداشلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ يىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولدى. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئوفىتسېرنىڭ ئالغا قاراپ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئاستا - ئاستا چېكىنىشكە باشلىدى.

ئوسماننىڭ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»ى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى پاتپاراقچىلىقتا چۈشكەن پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئوسماننى قوغدىغىنىچە قارلىق تاغقا قاراپ كەتتى. . .

ھۆكۈمەت ئارمىيىسى نېمىلا دېگەن بىلەن مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن قوشۇن بولغاچقا، ھايال ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالدى. كوماندىر قوشۇننى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈردى:

- ئوسماننى چوقۇم تىرىك تۇتۇڭلار، ئوسماننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھېلىقى «قارا كىيىملىك ئايال»نى جايلىۋېتىڭلار. كىمدە - كىم ئۇنى يارىدار قىلسا ياكى ئېتىۋەتسە، بىردەك تارتۇقلىنىدۇ.

بۇيرۇق بىلەن تەڭ تاراسلاپ ئېتىلغان ئوقلار ئوسماننىڭ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»ىغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن» ئېتىنى قامچىلىغىنىچە چاپتۇرۇپ، بىردەم ئاتنىڭ سول بىقىنىغا، بىردەم ئوڭ بىقىنىغا ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، گاھىدا ئىككى قولى بىلەن ئاتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئاتقا مەھكەم چاپلىشىۋالسا، گاھىدا بېشىنى ئاتنىڭ ئېگىركى ئاستىغا يوشۇرۇۋالاتتى. ئاقىۋەت ئۇ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ يامغۇردەك ياغدۇرغان ئوقلىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالالمىدى. ئاتقا ئوق تېگىپ ئۇ ئاتتىن نەچچە گەز يىراققا يىقىلىپ چۈشتى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسى خۇشاللىقىدىن ئەسەبىيلەرچە قىيا - چىيا قىلىشىپ، «ئولجا»نى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ تۇرغاندا، «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن» بىردىنلا ئۆرۈلۈپ مىلتىقىنى كۆتۈرگىنىچە بىرنەچچەيلەننى موللاق ئاتقۇزدى-دە، چەبدەسلىك بىلەن قېچىپ، ئوسماننىڭ چىلان تورۇق ئېتىغا سەكرەپلا چىقىۋالدى. . .

بۇ قېتىمقى ئوسماننى قۇتقۇزۇش جېڭىدە ئوسمان قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»نىڭ بېلىكىگە ئوق تەگكەنىدى.

شۇ تاپتا، ئوسمان كىگىز ئۆيدە چوڭ - كىچىك كاتتىۋاشلارغا سۆزلەۋاتاتتى. ئاتلىق چارلىغۇچى:

- ئامېرىكا كونسۇلى ماكنان كەپتۇ، - دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئوسمان ئاسماندىن چۈشكەندەك كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان، چوقۇنىدىغان بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭچە، بۇ ھەرگىزمۇ تەلەيىنىڭ ئۆگدىن كەلگەنلىكى بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن ئىدى. شۇڭا ئۇ قول ئاستىدىكى كاتتىۋاشلارغا دەرھال كىگىز ئۆيلەرگە قايتىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ كېلىشنى، قىز - چوكانلارنىڭمۇ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىنى، ئاق ئورۇس قوغداش ئەترىتىدىكىلەرنىڭمۇ قورال - ياراغلىرىنى تازىلاپ، ھۆرمەت بىلەن مېھماننى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇدى.

ئوسماننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئادەتتىكىچە ئەمەس ئىدى. 1947 - يىلى جۇڭگو - تاشقى موڭغۇلىيە بېيتىك ۋەقەسىدىن كېيىن، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان ئوسمان بىر مەھەل ئاخباراتلىق شەخسكە ئايلانغانىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېتكە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تىلەپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا كەڭ جامائەت پىكرى تەييارلاۋاتاتتى. بىر مەھەل، گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇخبىرلار بەيتىك تېغىغا توپلىنىپ، ئوسماننى زىيارەت قىلىپ، سۈرەتكە تارتىپ، ئوسماننىڭ نامىنى كۆككە كۆتۈرگەنىدى. ئوسمانمۇ قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مەمۇرىي پالاتانىڭ ئۈن چوڭ ئەربابىنىڭ بىرسى بولغان پىڭ شۇفى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئالىيتى سەيپى كۆرۈشكە كەلگەندىمۇ، ئوسمان كىنگىز ئۆيدىن چىقماي ئۆيى كۆتۈۋالغانىدى ۋاھالەنكى، ئۇ ئامېرىكا كونسۇلى ماكناننى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى.

بەيتىك تېغى ۋەقەسىدىن بىر ئاي كېيىن، ماكنان ئۈچ ھەمراھى بىلەن بەيتىككە خەرىتە سىزىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئوسمان ماكنانغا ئادىمىدىن ئاتقىرى خەرىتاچىلىق قىلدى. ئۇ ماكنانغا يېڭى كىگىز ئۆي تىكىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە سول بىسەكلىك تەييارلاپ بەردى. ئاۋۋالدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار ماكنانغا



ھەمراھ بولۇپ، بەيتىڭ چوققىسىغا چىقتى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، ماكىنان خەرىتە سىزىۋاتقاندا موڭغۇلىيە دۆلەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، ئۇلار ئوق چىقىرىپ ئۇنىڭ شلەپىسىنى ئۇچۇرۇۋېتەكەندى. ماكىنان قورقىنىدىن يۈرەك - قولىدا جان قالمىغاندا، قوتازدەك يوغان كەلگەن ئوسمان ئۇنى يۆلەپ ماڭغانىدى.

بۇ ئوسماننىڭ ماكىنان بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش 1948 - يىلى 7 - ئايدا بولغان. غەربىي - شىمالنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوسمان 70 نەپەر مۇتىۋەر ۋە 100 نەپەر ئەسكىرى بىلەن دىخۇاغا كەلدى.

جاڭ جىجۇڭ ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن بولغان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلاش، چەكلەش ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان بېسىمنى ئازايتىش كويىدا ئىدى. شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن جاڭ جىجۇڭنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ، ئوسماننىڭ قوراللىق كۈچىنى 1000 نەپەرگە يەتكۈزۈش، ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىسى ھەمدە ... ماشىق ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇڭ شىلىيەن يەنە لاتىپ ئارقىلىق ئوسمانغا تاپانچا، دۇربۇن، قىلىچ، يەنە 600 تاختا چاي، بىر قانچە يۈز توپ چەت ئەل رەختلىرى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە سوۋغا قىلغانىدى. بۇنىڭدىن ئوسمان تولىمۇ خۇرسەن بولغان. ئوسماننىڭ نەزىرىدە سۇڭ شىلىيەنلا ئۇنىڭغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى قوللاۋاتقان ئىشەنچلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىدى.

بۇ قېتىممۇ سۇڭ شىلىيەن ئوسمان بىلەن مەخپىي كۆرۈشتى. ئۇلار سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن سۇڭ شىلىيەن ساقالى ئۆلتۈرگەن سېرىق چاچ، فوكۇز كۆز چەت ئەللىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- بۇ زات، ئامېرىكا كونسۇلى ماكىنان ئەپەندى بولىدۇ. سىلەر بەيتىڭ تېغىدا ئۇچراشقانىكەنسىلەر، ئېسىڭىزدە باردۇ؟- دېدى.

ئوسماننىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ شاكىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ... بىر قانچە قەدەم تاشلاپ، ئەدەپ بىلەن چاقچاق ئارىلاش:

- شۇنداق، بەيتىڭ چوققىسىدا ماكىنان ئەپەندى مېنى ئات قىلىپ مىنگەنىدى،- دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماكىناننىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە قورۇنۇشلىرى بىردىنلا يوقاپ، قولىدىكى تاماكىسىنى ئۇچۇردى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئوسمان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە قىزغىنلىق بىلەن:

- ھەي، بەيتىككە خەرىتە سىزغىلى بارغىنىمدا ئوسمان ئەپەندىنى كۆپ ئاۋارە قىلغانىدىم. سىز جۇڭگولۇقلار ئىچىدىكى ياخشى ئەزىمەت،- دېگىنىچە باشمالتىقىنى چىقىرىپ قويدى ۋە ئوسمان بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ، دىپلوماتىيە تەلەپپۇزىدا:

- ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ياخشى دوستلاردىن، سىز باش قوماندان سۇڭ شىلىيەننىڭ ياخشى دوستى، ئەلۋەتتە، مېنىڭمۇ ياخشى دوستۇم. جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىر كۆرگەن دوست، ئىككى كۆرگەن تۇغقان بولىدۇ. يېقىن دوستلارغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئەلۋەتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئوسمان ئەپەندىگە تېخىمۇ قىزىقىدۇ ۋە ئالاھىدە مۇئامىلىدە بولىدۇ،- دېدى.

- ئىلگىرى مەن جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياخشى دوستلاردىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئامېرىكىنىڭ پەن - تېخنىكىسى يۇقىرى. مەن ئامېرىكىدا تاغنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە ئاتقىلى بولىدىغان قورال، تاغلاردىن ھالقىپ يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇن، يەنە ئېگىز ئاسماندىكى ئايروپىلاننى كۆرەلەيدىغان رادار بارلىقىنى ئاڭلىغان،- دېدى.

ماكىنان قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:

- ئوسمان ئەپەندى جەڭگە ماھىر بولۇپلا قالماستىن، زامانىۋى قوراللاردىنمۇ خەۋىرى بار ئىكەن،- دېگىنىچە ئوسماننىڭ يارىدەمچىسىگە بۇرۇلۇپ قاراپ،- لاتىپ ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئوسمان ئەپەندىنىڭ جان - جىگەر قېرىندىشى ۋە ياخشى مەسلىھەتچىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام قانداق؟- دېدى.

لاتىپ ئوسمانغا لەپپىدە قاراپ قويدى-دە، قورۇنغان ھالدا:

- ئوسمان باتۇر كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى قىلدى. مۇبادا، كونسۇل ئەپەندى بىزنى دوست دەپ قارايدىكەن، ئۇ ھالدا بىزگە قورال - ياراغ ياردەم قىلسىكەن،- دېدى.

- توغرا!- دېدى ئوسمان جاراڭلىق ئاۋازدا.

ئولتۇرغانلار بىر ئاۋازدىن چۇرقىراپ كېتىشتى، ئوسماننىڭ سۆزىنى دالىلاشتۇرۇپ:

- بىزدە ئادەم دېسە بار، قورال، بولۇپمۇ يېڭىچە قورال - ياراغلا بولىدىكەن يېقىنقى يىللاردا چەيلەپ قالماستىن يەنە...- دېدى

- ياخشى - دېدى ماكىنان خۇشال بولۇپ،- مەن ئوسماننىڭ مۇشۇنداق جاسارىتىنى ياقتۇرىمەن. مۇنداق جاسارەت بولسىلا ھېلىغۇ كىچىككىنە بەيتىك تېغى ئىكەن، جوڭ بايلاقلار، پۈتكۈل جۇڭگو، ئاسىيا سىزنىڭ ئالقىنىڭىزدا بولىدۇ. ئەركىن جۇڭگو ئۈچۈن، ئوسمان ئەپەندىنىڭ قازاقلىرى ئۈچۈن ئامېرىكا سىلەرنى يېڭى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەشكە تەييار!

ئوسماننىڭ ماكىنان بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئۇنىڭ ماكىنانغا بولغان دوستلۇقىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىسىنىمۇ ئاشۇرغان ئىدى. ماكىناننىڭ لاختاپ ئۇچۇرۇشلىرى ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن كاللىسىنى تېخىمۇ قىزىتىپ، قارا نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى.

بۇ ئوسمان بىلەن ماكىناننىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. شۇ تاپتا، ماكىناننى كۈتۈۋېلىشنىڭ ھەممىسى تەييارلىقى تەخ بولغانىدى.

ئاق ھەم چوڭ كىگىز ئۆي تىكىلدى.

دومبۇرا، راۋاپ، سۇناي، داپ قاتارلىق چالغۇلار ھازىرلاندى.

بىر توپ رەڭگا - رەڭ كىيىم كىيگەن، چىرايلىق ياسانغان ناخشا - ئۇسۇلچىلارمۇ ھازىرلاندى.



FAZHIZONGHENG

ئاق ئۆگۈلوك، قوڭۇر كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، ئۇچىسىغا كاركا، پوتىغا ئۆتۈك كىيگەن، مۇرىسىگە ئوخشاش بىر خىل قورال ئالغان 100 دەك ئاق ئورۇس قوغدىغۇچىلىرىمۇ ھازىرلاندى.

ئامانلىق بولۇشى بىر دىنلا كۆتۈرۈلگەن تويا ـ چاڭلار خۇددى بىر چوڭ ئەژدىھادەك سوزۇلۇپ، تېزلىكتە چوگۈندا يالىلىقىغا يېتىپ كەلدى.

بىر دەمدىن كېيىن، ئاچسىرىق، ئالىي دەرىجىلىك دالا پىكاپى چارۋىچىلىق مەيدانىغا كىلىپ توختىدى. ماشىنا توختاپ توختىمايلا ئوسمان، يولۋاس، جانىمقان قاتارلىقلار يۈگۈرۈشۈپ كىلىپ، بۇ تۆرگىچە ماشىنا ئەترىتىنى ئورىۋالدى. يولۋاس گەرچە بەلچىگە ئالاي قىنىنى تارغان، جاھاننى كۆرگەن ئادەم بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن ماشىنىغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ماشىنىغا مەخسۇس سەپلەنگەن پىلىموت، تېلېگراف ئاپپاراتى، يەنە مۇجەززەت بىخەتەرلىك ئىشكاپى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆردى. بۇ ماشىنا كۆركەم، ئازادە بولۇپلا قالماستىن سۈرئىتى تېز، ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. ئۇنى ھەم بىر كۆچمە قورغان، ھەم قوماندانلىق شتابى دېسە بولاتتى. يولۋاس ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىدا، ئوسمان قولىنى بىر شىلتىۋىدى، مۇزىكا، ناخشا ئەترىتىدىكىلەر جانلىنىپ كەتتى. ناخشا ـ مۇزىكا ئاۋازى پەلەككە ياڭرىدى.

ماكىنان خۇددى زىيارەتكە كەلگەن دۆلەت باشلىقىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەخپىيەتلىك ئىدارىسى يوشۇرۇن پونكىتىنىڭ باشلىقى C C، ژاندارما ئالاھىدە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇڭچىڭ ۋە چاڭچىلىكەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشپىيون شياۋ خەنفىڭلار ماشىنىدىن چۈشتى.

ماكىنان بۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىشنى ئوسماننىڭ بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭدىن ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتتىن باشقا يەنە ئوسماننىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش يۈزىنى چىقىپ تۇرغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ھېسسىياتىنى بىلىندۇرمەي، ئادەتتىكى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئوسمان، يولۋاس، جانىمقان قاتارلىقلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلىشىپ، ھاياجانلانغان ھالدا:

ـ ئوسمان باتۇر، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئىش باشلىغان قۇتلۇق كۈنۈڭلار، مەن سىلەرنى ئا ق ش غا ۋاكالىتەن ئالاھىدە تەبرىكلىگىلى كەلدىم ھەمدە ئازغىنە سوۋغاتمۇ ئالغاچ كەلدىم، ـ دېدى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، شياۋ خەنفىڭ ئۇنىڭ ئىشارىتى بويىچە دەرھال ۋاڭ جۇڭچىڭ بىلەن بىرلىكتە ماشىنىدىن ئىككى ياغاچ ساندۇقنى ئېلىپ چۈشۈپ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئاچتى، ماكىنان سولدىول سۈرتۈلگەن مىلتىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مەغرۇر ھالدا:

ـ بۇ بىزنىڭ ئازغىنە كۆڭلىمىز، يارشىغىدا قىلالمىدۇق، باتۇرىمىز قوبۇل قىلغايلا، ـ دېدى.

ئوسمان ماكىناننىڭ ئۆزىنى «باتۇر» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىككى ساندۇق قورال ـ ياراغنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن ماكىناننىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ:

ـ ئامېرىكىلىقلار ئاغىينىدارچىلىقتا يارايدۇ! سىزنىڭ ماڭا قىلغان سوۋغىتىڭىز پەقەت ئىككى ساندۇق قورال ـ ياراغ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل بەيتىك، پۈتكۈل ئوتلاق، پۈتكۈل شىنجاڭنى سوۋغا قىلدىڭىز، ئامېرىكىلىق دوستلارنىڭ قوللىشىلا بولىدىكەن، پېقىر ئوسمان شىنجاڭنىڭ ئوچىسى دېگەن شۇ، بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز ماكىنان ئەپەندىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۈچ كۈن تازا بەزمە قىلايلى، ـ دېدى ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي.

ماكىنان قېمىز ئىچكەچ مەسخىرە ئارىلاش:

ـ ئوسمان باتۇر، سىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت، يايلاقتىكى بۆلبۈل، سىزنىڭ بايا قىلغان سۆزلىرىڭىز خۇددى مېنى قېمىز ئىچكەندەك مەست قىلىۋەتتى، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئەركىن، مۇستەقىل پادىشالىق بەرپا قىلايلى، ـ دېدى.

ـ ماكىنان تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدى، ـ دېدى ماكىناننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يولۋاس ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ـ بىزنىڭ بۇ جايغا توپلىنىشىمىز يېڭى زېمىن ئېچىش ئۈچۈندۇر. كومپارتىيە ئىسلام مۆرتلىرىنىڭ دۈشمىنى، مەن گەرچە ئۇلارنىڭ ۋالىيسى بولسامۇ، لېكىن كۆڭلۈم باشقا، ئۇلارنىڭ ھامان بىر كۈنى مېنى ئۇڭدا قويىدىغانلىقى ماڭا ئايان. ئۇلار بىزنى جايلىۋەتمەكچى، بىز ئالدى بىلەن تېگىش قىلساق، ئۇلارنىڭ تېخى مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرمىغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئوتىدا ئاشۇ كاپىرلارنى ھالاك قىلساق. . .

ـ پاھ، پاھ! ، ـ دېدى ئۆزىنى تۇتالماي چاۋاك چېلىپ، ـ يولۋاس ياخشى قېرىندىشىم، يۈرىكىڭ، جىگىرىڭ باردە سېنىڭ، مۇبادا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق يۈرەك بولسا، بىز يەنە نېمىدىن قورقاتتۇق؟ شېڭ شىسەي زور قوشۇنى بىلەن بىزنى بىر نەچچە يىل قوغلىدى، ئۇ ھەتتا ئىشقا سالمىغان ئايروپىلانىمۇ قالمىدى. پېقىر ئوسمان ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، قوشۇنۇم بارغانسېرى زورايدى. كومپارتىيە ئىچكىرىسىدىكى ئاشۇ ھالسىزلىنىپ ماجالى قالمىغان بىچارە، قالدۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرەلىگەن بىلەن پېقىر ئوسماننىڭ ئەدىپىنى بېرىشكى بەسى مۈشكۈل! مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرگىدەك ئادەم تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلمىدى.

كۆپچىلىك ئوسماننىڭ بۇ پەلپەتىش سۆزلىرىدىن شادلاندى. جانىمقان ـ ئەرەبچە ساناق سانىتىمۇ ئۆگىنىپ يازالمايدىغان بۇ سابىق مالىيە نازىرى ئاغزىغا بىر تال بوغۇرساقنى سالغاچ:

ـ بىر چاقىرىق بىلەنلا مۇنچىۋالا كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشى خۇدا ئۈچۈن. بىز خۇدا يولىدا قارلىق تاغلار قان بىلەن بويالسىمۇ، ئوتلاقلار جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتسىمۇ ئاخىرىغىچە ئېلىشقىنىمىز ئېلىشقان، ـ دېدى.

يولۋاس چىنىنى قولىغا ئېلىپ ئەدەپ بىلەن ماكىنانغا:

ـ ماكىنان ئەپەندى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق كىرىلوك ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى بىلمەن. لېكىن بۇ ئىشنى ئامراق يايلاقتا ۋېرانلىق، ھارغىنىمىز ئايان ئەمەس، بىرگە بىر قەدەھ ئوناي، بىز سوت چايىنى ھاراق ئورنىدا ئىچىشكەنمۇ، ياكى ئاچچىق ھاراقنى ئارزۇ قىلىپ ياقىشىمىز سەيلى؟ ـ دېدى



— ئۇنداق قىلسام بولماس، — دېدى ماكىنان قولىنى شىلتىپ، — ئۇنداق قىلسام ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان بولۇپ قالىمەن، مەن مەخسۇس سىلەرنى يوقلاپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، سىلەر بىلەن ئوخشاش هاراق ئىچمىسەم قانداق بولىدۇ؟ — دېدى-دە، چىنىدىكى هاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى.

ئوسمان، يولۋاس قاتارلىقلار يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ماكىنانغا قاراپ، ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇقلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئوسمان چىنىسىگە هاراق قۇيىدۇرۇپ:

— ماكىنان ئەپەندىنىڭ يايلىقىمىزنىڭ هارىقىغا ئېغىز تەگكەنلىكى بىزنىڭ ئامىتىمىز، سىز بىر چىنە ئىچىڭ، مەن ئۈچ چىنە ئىچەي، شۇنداق قىلسام سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى يەردە قويغان بولمايمەن، — دېدى-دە، كەينى - كەينىدىن ئۈچ چىنە هاراقنى ئىچىۋەتتى. باشقىلارمۇ ئوسماننىڭ ماكىناننى شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ بېشىغا ئالغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارمۇ كەم دېگەندە ئۈچ چىنىدىن ئىچىشتى.

ماكىنان سورۇننىڭ كەيپىياتىغا قاراپ تولىمۇ هاياجانلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ هەمراهلىرى قورۇنۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ ئارىدىكى قورۇنۇشنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىر چىنە هاراقنى قولىغا ئالدى-دە، CC قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوسمانغا:

— بۇ ئەپەندىلەر سىزنىڭ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەت قۇرۇشىڭىزدا ئەستايىدىغان ئەربابلار. ئۇلار نەيۇەن تەرەپ قالدۇرغان ناپاك كۈچلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى هەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئوچىلىقى بار، كېيىنكى هەرىكەتلىرىڭلاردا سىلەرنىڭ پۇتۇڭلارغا پۇت، قولۇڭلارغا قول بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ هارىقىڭلارنى ئۇلارغا تۇتاي، — دېدى.

— توختاڭ، — ئوسمان ماكىناننى توستى-دە، خىجىل بولغان هالدا، — هەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك قىپتىمەن، مەن ئەيىبكار، سىلەرمۇ ئوخشاشلا مېنىڭ ئېزىز مېهمىنىم، مەن ئالدى بىلەن هەر قايسىڭلارغا هاراق تۇتاي، ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جازا هارىقىدىن بىر چىنە ئىچىۋېتەي، — دېدى-دە، قارشى تەرەپنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىمايلا غورتىلدىتىپ ئىككى چىنە هاراقنى ئىچىۋەتتى. CC، ۋاڭ جۇڭچىڭ ۋە شياۋ خەنىڭلارمۇ گەپ - سۆزسىزلا ئۆزلىرىگە تۇتۇلغان هاراقنى ئىچىۋەتتى.

ئوسماندىن كېيىن يولۋاس، جانىمقانلارمۇ ئۇلارغا هاراق تۇتتى. بىر دەمدىلا CC، ۋاڭ جۇڭچىڭ، شياۋ خەنىڭلارنىڭ قۇلاقلىرى مىدىراپ، باشلىرى قايغىلى تۇردى.

ناخشا - ئۇسسۇل داۋاملىشىۋاتاتتى.

بىر پەستىن كېيىن، تولۇق قوراللانغان بىر توپ قاراقچىلار ئوتلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ماكىنان قاتارلىقلار ئولتۇرغان كىگىز ئۆينىڭ تۈۋىدىن تەرىپىدىكى ئوتلاققا يېتىپ كېلىشتى. ئۇ يەرگە قارىغا ئېتىش نىشانى قويۇلغانىدى. نىشانغا ئۇلار ئەڭ ئۈچ كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. قوراللانغان چارۋىچىلار قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ چاپ - چاپ بىلەن ياغاچتىن ياسالغان ئادەم باشلىرىنى بىر - بىرلەپ يەرگە يۇمىلاتتى.

ئەترەپتىكىلەر هۇررا قىلىشتى. ماكىنان هەيرانلىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ قالدى.

ئۇ تېخى ئېسىنى يىغا يىغمايلا يەنە بىر توپ تولۇق قوراللانغان چارۋىچىلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، بىر قانچە ئون مېتىر يىراقلىقتا قويۇلغان ساپال قاچىلارنى چەنلەپ بىر - بىرلەپ ئۇچۇرۇۋەتتى...

ماكىنان چارۋىچىلارنىڭ ماهارىتىدىن هاياجىنىنى باسالماي، ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. ئوسمان ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە شاپىلاقلاپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇنى قالتىس ماهارەت دېگىلى بولمايدۇ، قىزىقارلىقى تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى.

ئوسمان گېپىنى تۈگىتىشىگىلا، داقا - دۇمباق ئاۋازى بىلەن تەڭ يىراقتىن سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتتەك نەرسىنىڭ ئارىسىدىن ئىككى ئال ئۈزۈن قىزىل شايى رەختنىڭ لەپىلدەۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

ئەتراپتىكىلەر جىمىپ كەتتى. كىشىلەر بۇ قارا بۇلۇتتەك نەرسىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان چاغدا، ماكىنان پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، بىر دىنلا بىر جانلىق نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى هەمدە هېلىقى قىزىل شايى رەختنى ئېنىق كۆرگەندەك قىلدى. كىشىلەر هاياجانلاندى، ئۇلار گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىتىپ:

— باتۇر! باتۇر! — دەپ توۋلاشتى. ماكىنان شۇندىلا قارا بۇلۇتتەك سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدە ئۈستىگە قارا كىيىم كىيگەن ئايالنىڭ قارا تورۇق ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ ئايال ئاتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ هۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇ بىردەم ئاتنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلىسا، بىردەم ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقاتتى. بىردەم ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى ئات بىلەن پاراللېل هالدا بوشلۇققا تاشلايتتى، بىردەم ئات ئۈستىدە پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇراتتى...

ماكىناننىڭ كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ كەتتى، ئىچىدە بىر نىمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئۇ، مۇشۇنداق نامرات، قالاق قازاق قەبىلىسىدە رىۋايەتلەردىكىدەك چەۋەندازنىڭ بارلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇپ تۇرۇشىغا پاڭ - پۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندىن ئىككى قاغا دەل ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي تۇرغىنىدا، هېلىقى قارا كىيىملىك ئايال چەۋەنداز مىلتىقىنى تۇتقان هالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. مىلتىقىنىڭ ستولىدىن تېخىچە ئىس چىقىپ تۇراتتى.

ئوسمان ماكىناننىڭ چىرايىدىكى ئەجەبلىنىش، گۇمانلىنىشقا قاراپ قاقاهلاپ كۈلدى-دە، پەخىرلەنگەن هالدا:

— بىر دەملىك خۇشاللىق بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ماكىنان ئەپەندى، بۇ ئايال مېنىڭ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇنۇم» بولىدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا، كىچىك خوتۇنۇم... ها! ها! ئۇنىڭ جۇغىسى چوجىدەك بولغىنى بىلەن، ئات ئۈستىدە بۆركۈتتەك پەرۋاز قىلىدۇ، جەڭگە چىقسا ھەقىقىي باتۇر دەڭە!

ماكىنان كۆز ئالدىدىكى بۇ ۋەجىك، ئاۋاق باتۇرغا قاراپ،



ئۇنىڭ ئات ئۇستىدىكى ماھارىتىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئۇغلاق تارتىش، قىز قوغلاش باشلىنىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ دىققىتى ئويۇنغا بۇرۇلدى.

شۇ ئەسنادا، شىياۋ خەنفىڭ دالا ماشىنىسىنىڭ يېنىدىن بىر نەچچە پارچە قەغەزنى CC غا سۇندى. CC ئۇنىڭغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە، ماكىناننىڭ قولىغا بىر نىمىلەرنى پىچىرلاپ، ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا:

ـ بۈگۈن ھەقىقەتەن قۇتلۇق كۈن بولدى. ئامەت كەلگەندىمۇ قوش كەلدى. ئوسمان باتۇر سىزنى تەبرىكلەيمەن. ھېلى تەيۋەندىن تېلېگراما كەپتۇ، سىز ۋە يولۋاس ئىككىڭلار يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپسىلەر،ـ دېدى-دە، تېلېگراممىنى ئوسمانغا سۇندى.

ئوسمان خەنزۇچە يېزىق ئۇياقتا تۇرسۇن، قازاقچە يېزىقنىمۇ تۈزۈك بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تېلېگراممىنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇياق - بۇياقتا ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ:

ـ يەنىلا سىز ئوقۇپ بېرىڭ،ـ دەپ CC غا بەردى.

CC ماكىنانغا قاراپ كۆز ئىشارىسى قىلدى. ماكىنان چۈشەنگەندەك قىلىپ، بىردىنلا كەسكىن تەلەپپۇزدا:

ـ ئامېرىكا ۋە دۆلەتچىلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئالىي قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغاندا، كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشى ھاجەت،ـ دېدى-دە، ئۆزى ئالدى بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ئوسمان ماكىناننىڭ سۇكۇناتتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن قوپتى. باشقىلارمۇ بىر - بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئوسمان قولىنى بىر شىلتىپلا، ئۇغلاق تارتىش، قىز قوغلاش پائالىيەتلىرىنى توختاتتى.

CC كۆپچىلىك ئالدىدا گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئەمەلدارلىق سالاپىتە تېلېگراممىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ـ شىنجاڭ ئالتاي ۋالىيسى ئوسمان شىنجاڭ مىللەتلەر - دىن ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنسۇن. جياڭ جۇڭجېڭ. شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يولۋاس شىنجاڭ مىللەتلەر - دىن ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەنسۇن. جياڭ جۇڭجېڭ.

تېلېگراما ئوقۇلۇپ بولۇشىغا، ماكىنان ئالدى بىلەن چاۋاك چېلىپ تەبرىكلىدى. كۆپچىلىكمۇ چاۋاك چېلىشتى. بەزىلىرى ھەتتا ئىسقىرتىپ، بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى.

ئوسمان دەسلەپتە بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىغانىدى. لېكىن ئۇ كېچە - كۈندۈز تىلەۋاتقان ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلاندى. CC خۇشاللىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا:

ـ ئوسمان باتۇر، يولۋاس ئەپەندى، جياڭ زۇڭتۇڭ سىلەرگە يوللىغان يەنە بىر تېلېگراممىمۇ بار،ـ دېدى ۋە بىر ۋاراق قەغەزنى ئېچىپ، يەنىلا ئەمەلدارلىق سالاپىتە تېلېگراممىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«باش قوماندان ئوسمان، مۇئاۋىن قوماندان يولۋاس: كومپارتىيە سالمانچىلىق تۇغدۇرىۋاتىدۇ، پىرقە دۆلەت خەۋپ ئىچىدە قالدى.

ۋەزىيەت ئۆزگىرىۋاتقان بۇ ھالقىلىق پەيتتە، سىلەر خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، يەككە - يېگانە جەڭ قىلىپ، كومپارتىيىنىڭ ھەيۋىسىنى خورىتىڭلار، پىرقىمىزنىڭ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى قايتا قۇرۇشىدا بازا قۇردۇڭلار. ئات يولدا، ئادەم جەڭدە سىنىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سىلەر كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى قايتا قۇرۇشتىكى ئاۋانگارتلاردىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، پىرقە دۆلەتنىڭ سادىق ئەزىمەتلىرى. جۇڭخۇا مىنگو سىلەرنى ئەستىن چىقارمايدۇ! مەن سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىلەر كۈچ توپلاپ، يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، كومپارتىيىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. جياڭ جۇڭجېڭ.»

CC تېلېگراممىنى ئوسمانغا سۇندى-دە، ئۇنىڭدىن ئۆتۈنگەن قىياپەتتە:

ـ ئوسمان باتۇر، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ جياڭ زۇڭتۇڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بېرىدىغان ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى. بۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەن بىلەن ئالاقە قىلىشىڭىزدا خىزمىتىڭىزدە بولىمەن. بۇ ھەقتە زۇڭتۇڭنىڭ ئېنىق يوليورۇقى بار. مەن ئۇقۇماي، ئۆزىڭىز كۆرۈۋېلىڭ،ـ دېدى.

ئوسمان ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندا ھاياجانلاندى. ئۇ بىر قولىدا جياڭ جېشىنىڭ تېلېگراممىسىنى ئېگىز كۆتىرىپ، چىرايىنى خۇددى جىگەردەك قىزارتىپ:

ـ ماكىنان ئەپەندى گۇۋاھ، بەيتىك گۇۋاھ، يايلاق گۇۋاھ بولسۇن. مۇبادا، پېقىر ئوسمان كومپارتىيىنى شىنجاڭدىن قوغلىيالمىسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي،ـ دەپ توۋلىدى.

ماكىنان ئوسمان بىلەن يولۋاسنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـ مەن سىلەردىن پەخىرلىنىمەن، جياڭ جېشى ئەپەندىنىڭ تېلېگراممىسى دەل ۋاقتىدا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. ھەقىقەتەنمۇ بۇ قاردا كۆمۈر، يامغۇردا كۈنلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىك. بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر. مېنىڭ بۇ جايدا سىلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىم ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن چوڭ شەرەپ! ئەگەر خالىساڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئەركىنلىك ئىشىڭلار ئۈچۈن خىزمىتىڭلارغا تەييارمەن. مەسلىھەتچى بولۇشنى خالايمەن،ـ دېدى.

ـ بۇ خۇدانىڭ بىزگە قىلغان شەپقىتى!ـ دېدى ئوسمان ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي.

ئۇ ماكىناننىڭ چاقچاق قىلماۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن:

ـ ماكىنان ئەپەندى بىزگە مەسلىھەتچى بولىدىغان بولدى! ماكىنان ئەپەندى بىزگە مەسلىھەتچى بولىدىغان بولدى!ـ دەپ جاكارلىدى كۆپچىلىككە قاراپ.

باشقا چوڭ - كىچىك باشلىقلار بۇ كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقتىن داڭقېتىپ قالغاندەك بولدى-يۇ، بىردىنلا ئەس - ھوشىغا كېلىپ، قىيا - چىيا بىلەن ماكىنانغا قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ماكىناننى خۇددى زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن قەھرىماندەك بېشىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈشتى.

ماكىنان CC غا قاراپ كۆز قىسىپ قويدى-دە، بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرى رېژىسسورلۇق قىلغان بۇ ئويۇننىڭ ئاجايىپ ئۈنۈم بەرگەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولدى.

(داۋامى بار)

ئىمىن ئېلى (ت)

# ئۆلۈپ كەتكەن ئەرنىڭ مىراسىغا ئايالى ۋارىسلىق قىلامدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋارىسلىق قىلامدۇ؟

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋارىسلىق قانۇنى» نىڭ 9 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەر - خوتۇن، ئوغۇل - قىز، ئاتا - ئانا بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلىق قىلغۇچى بولىدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ۋارىسلىق قىلمايدۇ. ئايالى بولسا، ئۆلۈپ كەتكەن ئەرنىڭ قانۇن بويىچە بىرىنچى ۋارىسلىق قىلغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەردىن قالغان بالا بولمىغان تەقدىردىمۇ ئەرنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسى ئەر ئۆلۈپ كەتكەندە ھايات بولغان بولسا، ئۇلارمۇ بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 26 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورتاق تاپقان مال - مۈلۈكنىڭ يېرىمى ئايالغا بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، قالغىنىنى ئەرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئايال قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بۆلۈشۈپ ئالسا بولىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەردىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئايالى ئالسا بولىدۇ. ئەر تەرەپنىڭ باشقا تۇغقانلىرى بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ. ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ 30 - ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، ئەر - خوتۇن ئىككەيلەندىن بىر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بىرى قايتىدىن تۇرمۇش قۇرسا، ئۇ ئۆزى ۋارىسلىق قىلغان مال - مۈلكىنى بىرى تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

# قايسى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشنى بىلىۋېلىڭ

پۇقرالارنىڭ قىلغان دەۋا ۋە ئەرزلىرى جاۋابكارنىڭ نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە، ئەگەر جاۋابكار بىرنەچچە كىشى بولۇپ ئۇلارنىڭ نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايى ۋە ئولتۇرۇشلۇق جايى بىر سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولمىسا، دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ 22 - ماددىسىدىكى «پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان ھەق - تەلەپ دەۋاسى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. جاۋابكارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئۇنىڭ دائىم تۇرۇشلۇق جايى بىلەن بىر بولمىسا، ئۇ دائىم تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. قانۇنى ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئۈستىدىن قىلىنغان ھەق - تەلەپ دەۋاسى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. بىر دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە جاۋابكارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولسا شۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، دەۋاگەر نەگە ئەرز قىلىشنى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 23 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا تۆۋەندىكى ھەق تەلەپ دەۋالىرى دەۋاگەر تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە، دەۋاگەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئۇنىڭ دائىم تۇرۇشلۇق جايى بىلەن بىر بولمىسا، دەۋاگەر دائىم تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. (1) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلە ئۈستىدىن قىلىنغان سالاھىيەتكە دائىر دەۋالار؛ (2) ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ياكى يوقاپ كەتكەنلىكى ئېلان قىلىنغان كىشىلەر ئۈستىدىن قىلىنغان سالاھىيەتكە دائىر دەۋالار. (3) ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملار ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋالار (4) قامىلىۋەتكەنلەر ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋالار.

ئەكبەر جاپپار تەييارلىغان



# ئامانلىق

1999 يىل


## ئاقساقمارال يېزىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ يېزا 16 كىشىدىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. كەنتلەردە ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتى، يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە ئامانلىق ساقلاش چارلاش ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى قاتلاممۇ - قاتلام كۈچەيتتى. يېزا تەۋەسىدىكى 26 ئىدارە، پونكىت، 22 مەمۇرىي كەنت، 76 گۇرۇپپا، 3916 ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە توختامنامە ئىمزالاپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. 916 نەپەر تۇراقسىز نوپۇسنى ئېنىقلاپ ئارخىپ تۇرغۇزدى. سىرتتىن كېلىپ 1 يىلدىن 3 يىلغىچە ئولتۇراقلىشىپ قالغان 311 ئائىلىگە ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. يېزىغا قوشنا بولغان 3 - دۆڭزىيە 48 - پولك، ئالاغىر، شامال، ئاناركۆل قاتارلىق يېزا - بازارلار بىلەن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ئورتاق زەربە بېرىش بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈش مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈپ چىقتى. 17 ئورۇندىكى جۇمە نامىزى ئۆتىلىدىغان مەسچىتكە بىردىن كادىر - ساقچىنى مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى.

بۇ يېزا يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەرنى بىجانىدىل ئىشلىگەچكە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزا دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى.

نۇرئەخمەت موللا ، تۇرسۇن ئابلىز، ئابلىكىم ئابلىز

كۇچا ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، رەھبەرلىك كوللېكتىپى، قوشۇن قۇرۇلۇشى، باشقۇرۇش مېخانىزمى، ئاممىنىڭ ئىنكاسى، خىزمەت نەتىجىسى ياخشى بولۇش، ئامما رازى بولىدىغان خەلق تەپتىشى بولۇش، ئامما رازى بولىدىغان خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بولۇش قاتارلىق بەشتە ياخشى بولۇش، ئىككىدە رازى بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مەھكىمە ۋە كادىر - ساقچىلارنىڭ خىزمەت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

سۈرەتتە: خادىملار ئاممىغا مۇلازىمەت قىلماقتا.

تۇردى تاھىر فوتوسى.



## دورىنى خاتا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەت

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كۆچۈلا بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى دورا، لېكىن ئۇ زەھەرلىك. شۇڭا ئۇنى تېۋىپلەر سۈتتە ياكى قايناقسۇدا مەخسۇس زەھەرسىزلەندۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. ئەگەر ئۇنى قائىدە بويىچە زەھەرسىزلەندۈرمەي قالايمىقان ئىستېمال قىلغاندا، ئۆلۈم ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. تۆۋەندىكى ۋەقە دەل شۇنىڭ مىسالىدۇر.

خېجىلىك ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق گۈڭخارا كەنت 4 - مەھەللىسىدىكى دېھقان غوپۇر ئۆمەر بۆرەك كېسىلىنى داۋالايمەن دېگەن مەقسەت بىلەن بازاردىكى دوراپۇرۇشتىن كۆچۈلا سېتىۋالغان. 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە، شۇ مەھەللىدىكى 27 ياشلىق دېھقان مۇلايمان ھۆسەن غوپۇر ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ بېلىنىڭ بەك ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. غوپۇر ئۆمەر كۆچۈلا چىلاپ قويغان سۈتنى مۇلايمانغا بىر پىيالە قۇيۇپ بەرگەن. ئۆزىمۇ يېرىم پىيالە ئىچكەن. نەتىجىدە مۇلايمان زەھەرلىنىپ يېرىم سائەت ئۆتكەندە نەق مەيداندىلا ئۆلگەن. غوپۇر ئۆمەرنىڭ ئۆزىمۇ زەھەرلىنىپ يىقىلغان.

غوپۇر ئۆمەر تېۋىپلىقتىن ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا زەھەرلىك دورا سېتىۋېلىپ، زەھەرسىزلەندۈرۈش قائىدىسى بويىچە ئىش قىلماي، دورىنى خاتا ئىستېمال قىلىش بىلەن بىللە بىر كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغاچقا، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى.

مۇھەممەتجان ئىلياس

## ئابلا ماموت پارتىيىدىن چىقىرىلدى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە يېڭئۆستەڭ يېزا 8 - كەنت 4 - مەھەللىسىدىكى ئابلا ماموت يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى بولۇپ، پېنسىيىگە چىقىشنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر ئوغلىنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتقان ھەم ئائىلىدە دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇپ ئوغلىنىڭ 93 - يىلدىن بۇ يىل 4 - ئايغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 5 ياشتىن يۇقىرى بولغان 21 بالىنى ئوقۇتۇشىغا يول قويغان. بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بۇ قانۇنسىز دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى ج خ تارماقلىرى تەرىپىدىن پاش قىلىندى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا يېزىلىق پارتكوم ۋە يېزا مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت ئەترىتى بۇ قانۇنسىز دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسىغا بېرىپ 3 نەپەر كەنت كادىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. ئابلا ماموتنىڭ دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى قىلغان 5 ئېغىز ئۆيىنى پېچەتلىدى ۋە ئابلا ماموتقا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بەردى.

تەۋەككۇل ئەمەت

## پىچاندا قۇرۇللۇق قىسىم جەڭچىلىرى كىتاب «قوتقۇزدى»

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەچ، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 8 لەر ئەتراپىدا، پىچان ناھىيە بازىرىدا تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى.

بىراق ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈلگەن 50 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2- مەۋسۇملۇق 38 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك كىتابى كىتابخانىنىڭ كەينى ھويلىسىدا «يامغۇر» نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماقتا ئىدى.

ئوتتۇرا ئەترەت ئەھۋالنى ئۇقۇپلا تېزدىن 8 نەپەر قاۋۇل جەڭچىنى ماشىنا بىلەن شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئەۋەتتى. ئەسكەرلەر بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلىكتە 1 سائەتتىن ئارتۇق «كىتاب قوتقۇزۇش جېڭى» قىلىش ئارقىلىق 38 مىڭ پارچە دەرسلىك كىتابنى بىخەتەر جايغا يۆتكەپ ئامماننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مۆمىنجان ئىبراھىم

كەلپىن ناھىيىسى بۇ يىللىق مەركەزلىك تۈزەش تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىدە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ «نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، قانداق مەسىلە گەۋدىلىك بولسا شۇ مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش» پرىنسىپى بويىچە تۈرلۈك ئۇنۇملۇك شەكىللەر ئارقىلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان مۇقىملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشقا كۈچلۈك ئاساس ياراتتى.

تۇرسۇن قۇربان فوتوسى



قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەر ناھىيە ياپچان بازىرى دۆلەت يولى 315 - لىنىيە بويىغا جايلاشقان دائىرىسى كەڭ غۇللۇق بازار بولۇپ، ئامانلىق جەھەتتە ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى. بۇ بازاردا ئىلگىرى تۆت نەپەر ساقچىدىن تەركىب تاپقان، ئىشخانىلىرى كونا، قاتناش ۋاستىلىرى يېتەرسىز بىر ساقچىخانا بار بولۇپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە يېتىشەلمەي تۇراتتى. 1998 - يىلى ج خ ئىدارىسى بىلەن بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە بۇ مەسىلىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ، 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى ئىككى قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى سېلىپ بەردى. 50 مىڭ يۈەنگە بىر دانە كىچىك ماشىنا ئېلىپ بەردى.

دەريا ھەسەن فوتوسى



## بەش كۈن ئىچىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى قولغا چۈشكەن

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ج خ ئورگانلىرى قانات يايدۇرغان قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش مەخسۇس كۈرىشى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي باشلاندى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى 31 مىڭ 174 قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە توردىكى قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىلەر 18 مىڭ 816 نەپەر؛ ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغىنى 133 نەپەر، ئۆلكە دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغىنى 699 نەپەر. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىلىپ، پەقەت مۇشۇ بەش كۈن ئىچىدىلا 21 مىڭ 258 نەپەر قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلگەن.

## نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىگەن

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ جۇڭگونىڭ نىكاھ ئەھۋالىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1980 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگودا نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىگەن. 1995 - يىلى، نىكاھلانغانلار 9 مىليون 297 مىڭ جۈپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 105 مىڭ 500 جۈپ بولغان. 90 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى مەملىكىتىمىزدە يەنە تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىگەن. 1997 - يىلى مەملىكەت بويىچە توي قىلغان، نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ نىسبىتى %13 ئەتراپىدا بولغان، ئائىلە مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە نىكاھ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ نىكاھلىنىش سۈپىتىگە بولغان ئارزۇ، تىلەكلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاشقانلىقى مۇھىم ئامىل ئىكەن.

## چەت ئەلگە قېچىپ كەتكىنىگە 7 يىل بولغان جىنايەتچى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى

ج خ ئورگانلىرىنىڭ كۈچلۈك سىياسىي، ئىدىيىۋى ھۇجۇمى بىلەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكىنىگە 7 يىل بولغان پەۋقۇلئاددە زور خىيانەتچى جىنايەت گۇماندارى يېقىندا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

1992 - يىلى 5 - ئايدا، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ دېگې ناھىيىسى جۇڭيىڭ يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ مەسئۇلى لى دې ۋە ئۇنىڭ ئايالى جياڭ لو 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئاشلىق پۇلىغا خىيانەت قىلغاندىن كېيىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. گەنزى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى كۆپ قېتىم ئائىلىسىدىكىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشقا ئۈندىگەن. جياڭ لو بۇ يىل 7 - ئايدا گەنزىگە خۇپىيانە كىرگەن، بىراق ئاشكارىلىنىشتىن قورقۇپ شىزاڭغا بېرىپ يوشۇرۇنغان. گەنزى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە داۋاملىق قانۇن، سىياسەتنى چۈشەندۈرگەن. جياڭ لو 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ج خ ئورگانلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان.

## پايتەختتە 4000 كىشى قاتناشقان غايەت زور كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن

بۇ يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بېيجىڭدا 4000 كىشى قاتناشقان كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. 2000 جۈپ تەلەيلىك ئاشىق - مەشۇق تيەنئەنمېن مەيدانى، خەلق سارىيى، سەددىچىن سېپىلى قاتارلىق جايلاردا داغدۇغىلىق توي تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىكەن.

بۇ قېتىمقى چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ توي مۇراسىمىنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئاياللار - بالىلار ئىشلىرى تەرەققىيات مەركىزى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇيۇشتۇرىدىكەن. بۇ قېتىمقى توي مۇراسىمى 1999 - يىلى 31 - دېكابىردىن 2000 - يىلى 2 - يانۋارغىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. نۆۋەتتە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت بىناسىدا بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلانغان.



## راست گەپ قىلىش

بىر شوپۇر ماشىنىسىنى پىيادىلەر يولىغا بۇراپ مېڭىپتۇ. ساقچى دەرھال ئۇنى توسۇپ تۇرۇپ دەپتۇ:

ـ سەن پىيادىلەر يولىدا ماشىنا ھەيدەشكە بولمايدىغانلىق توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ـ كۆردۈم ئەپەندى، بىراق سىزنى كۆرمەپتىمەن.

## ئۈلگە بولۇش

بىر بالا 3 ـ قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا سوتقا تارتىلىپتۇ.

سوتچى: مەن بۇ بالىنى قايتا كۆرۈشنى خالىمايمەن، سەن ئۇنى قانداق تەربىيىلىگەن؟ سەن ئۇنىڭغا ئۈلگە بولۇشىڭ كېرەكقۇ؟

بالىنىڭ ئاتىسى:

كەچۈرۈڭ، سوتچى ئەپەندى، مەن ئۇنىڭغا ئۈلگە بولغان ئىدىم، بىراق ئۇ كونا سەنەمگە دەسسىگەچكە تۇتۇلۇپ قالدى.

## ئاچقۇچ

ـ 175 ـ نومۇرلۇق جىنايەتچى قانداق قېچىپ كەتتى!ـ دەپ سوراپتۇ تۈرمە باشلىقى گۇندىپايدىن.

ـ ئۇنىڭدا ئاچقۇچ بار باشلىق،ـ دەپتۇ گۇندىپاي.

ـ ئاچقۇچنى قانداق ئوغرىلاپتۇ؟

ـ ئوغرىلىغىنى يوق باشلىق، قىمار ئويناپ ئۇتۇۋالغان.



ئاچقۇچ ئالمىغىنىم ياخشى بوپتۇ!

* * * * *

قـوشكېزەك بالىلار تۇغۇلىدىغانغا ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە قالغاندا، ئاپىسىنىڭ قورسىقىدا ئاقىتى ئاق بوپتۇ. ئارىدىن بىرسى:

ـ ئاڭلىغىنە، ئاتام كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ـ دەپتۇ.

يەنە بىرى:

ـ يـاق، ئـۇ چوقۇم باشقا بىرسى، چۈنكى قولىدىكى پەلىينى كۆرمىدىڭمۇ؟ـ دەپتۇ.

## ئەگەر. . .

چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر باش ۋەزىرى، بىر قېتىم سىياسىي رەقىبى ئاست خېنىم ئۇنىڭغا:

ـ ۋېنىتـــون، ئـەگـەر سـىز مېنىڭ ئېرىم بولۇپ قالغان بولسىڭىز، قەھۋىيىڭىزگە زەھەر سېلىۋەتكەن بولاتتىم،ـ دەپتۇ.

چېرچىل كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـ خېـنىم، ئەگەر مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز بولغان بولسام، ئاشۇ قەھۋەنى ئىچىۋەتكەن بولار ئىدىم.

## كىتابنىڭ رولى

بىر ئايال بىر قېتىمدىلا ئۈچ بالا تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى دوستلىرىغا:

ـ ئـايالىم ھامىلدار بولغان مەزگىلدە «ئۈچ شەمشەرۋاز» دېگەن ھېـكايىنى ئوقۇغان، بەلكىم ھېكايە ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەكـ دەپتۇ.

ـ خۇداغا شۈكرى، «ئەلى بابا ۋە 40 قاراقچى» نى ئوقۇغان بولسا، ئىش چاتاق ئىكەن ـ دەپتۇ دوستلىرى.



ئۈجمە كۆچۈلنىڭ مەنتىقىسى

## يولداش مۇھەررىر:

مەن «ئامانلىق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 32 سانىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدۇم. بولۇپمۇ 7 ـ ساندىكى «چۆلدىكى قانلىق دېلو»، «21ـ ئەسىرگە لايىق ئوغرى»، «كىشىلىك ھاياتتىكى قىڭغىر يول»، «دۆلەت گۆھىرىنى قوغداش كۈرۈنۈشى»، «ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش دېلوسىنىڭ ئارقاكۆرۈنۈشى»، «ھەسرەتلىك قەدەم»، «قاچقۇنلار» قاتارلىق 9 پارچە ماقالە ناھايىتى ياخشى تاللانغان ھەم ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ماقالىلار قىسمەن ئىملا خاتالىقلاردىن خالى بولالمىغان، ھەر قايسى بەتلەرنىڭ ئاستىغا بېرىلگەن تەشەككۇر ناملىرى، ھېكمەتلەر قارا كاتەكچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا تۇتۇق بولۇپ قالغان. مۇمكىن بولسا ئوچۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنسا.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1ـباشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەمەتجان يولداش



## كېيىنكى ساندىكى مۇھىم ماقالىلار:

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ژۇرنىلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سانىدائابدۇرېشىت ئىمىن يازغان «تۈندىكى قان»، ئەركىن سوپۇرگى، تۇرسۇن ئاۋۇتلار يازغان «تۇخان نەگە كەتتى؟» قاتارلىق ماقالىلار، «بىر ئايال قاتىلنىڭ ئىقرارى» «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش» (داۋامى)، «ئادەم ئۆز ئامانلىقىنى قانداق قوغدىشى كېرەك» قاتارلىق دېلو تەپسىلاتلىرى ھەمدە تەۋسىيىلىك ماقالىلار داۋاملىق ھوزۇرۇڭلاردا بولىدۇ.



### ژۇرنىلىمىزنى باھالاپ كۆرۈڭ

| ئىسىم فامىلىسى | | كەسپى | | ئادرېسى | | پوچتا نومۇرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سىز بۇ سانىمىزدا ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە قانچە؟ | | | | | | | |
| مۇقاۋا، بەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان باھايىڭىز؟ | | | | | | | |
| بۇ ساندا بايقىغان خاتالىقلار قانچىلىك؟ | | | | | | | |

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.

FAZHIZONGHENG



# ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي سەنداۋان رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان. بۇ غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنى بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق، 3 قەۋەتلىك ئاساسىي بىنا، 128 ئۆي، 6 كېسەللەر رايونى، 800 كارىۋات بولۇپ، يۈرۈشلەشكەن ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، ئىشخانا ۋە تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە. زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن خادىملارنىڭ ئارخىپى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ئورۇن زەھەرسىزلەندۈرۈلىدىغان خادىملارغا بولغان قانۇن تۈزۈم تەربىيىسى، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى، ئەمگەك تەربىيىسى، تەسىرلەندۈرۈش تەربىيىسىنى قاتلاممۇ قاتلام كۈچەيتىپ، ئۇلاردا ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ئاسرايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان ئىشەنچنى تىكلىدى.

بۇ ئورۇن قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە 8000 دىن ئارتۇق ئادەم زەھەرسىزلەندۈرۈلدى، 4000 دىن ئارتۇق ئادەم زەھەردىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ جەمئىيەتكە قايتتى. بۇ ئورۇن 1997 ـ، 1998 ـ يىلى شەھەر بويىچە زەھەر چەكلەش خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن، 1997 ـ يىلى تيانشان رايونى بويىچە رايون دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە مەدەنىيلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1998 ـ يىلى شەھەر بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك، جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.



△ شەھەر باشلىقى نۇر بەكرى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىغا كېلىپ كۆزدىن كۆچۈردى.



△ مۇئاۋىن باشلىق جيا شىگىمىڭ ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياڭ دېلو ۋە ئاپتونوم رايونلۇق زەھەرسىزلەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە زامانىۋى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.



△ ب د ت ئەيدىز كېسىلى پىلانلاش مەھكىمىسى، دۇنيا بانكىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىزغىن ماختىدى.



△ لابوراتنت دورىلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماقتا.



△ دوختۇرلار ئەستايىدىل تەكشۈرمەكتە.



◁ كادىر ـ ساقچىلار ئاپەت رايونىغا پۇل ئىئانە قىلماقتا.



# يىپەك يولى مېھمانسارىيى

يىپەك يولى مېھمانسارىيى جوڭگو سىنگاپور بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان 3 يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانساراي بولۇپ، ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 52 ـ نومۇرغا جايلاشقان.

مېھمانسارايىنىڭ قۇرۇلۇشى كۆركەم، مىللىي ئۇسلۇب بىلەن زامانىۋى ئەسلىھەلەر بىر گەۋدە قىلىنغان، ئۆلچەملىك، يۇرۇشلەشكەن خانىلار ۋە سارايلار ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزەلگەن. ئۇسكۇنىلىرى تولۇق ھەم مۇكەممەل. مېھمانسارايدا كاتتا بېزەلگەن جوڭگوچە تائاملار رېستورانى، زىياپەت زالى، كىرورەن غەربچە تائاملار رېستورانى ۋە بىرلا ۋاقىتتا 200 ئادەم ئۆزى تاللاپ تاماقلىنىدىغان ئالىي دەرىجىلىك زال بار. ئۇندىن باشقا يەنە كېچىلىك بەزمىخانا، KTV خاس ھوجرا، مونچا، چېنىقىش ئۆيى، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، دوگىرتوپ زالى مېھمانسارىيىنىڭ سىرتىدا چويلا توپ مەيدانى، سودا مۇلازىمەت مەركىزى بار. خەت ئۇرۇش، كۆپەيتىپ بېسىش، فاكس، تېلېفون، ئايروپىلان بېلىتى ۋاكالىتەن بېجىرىش قاتارلىق كۆپ خىل سودا مۇلازىمەت تۈرلىرى بار. مېھمانساراي خادىملىرى مېھمانلارنى سەمىمىي، قىزغىن، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.



△ ساراي ۋە يۈرۈشلەشكەن خانا.



△ جوڭگوچە تائاملار رېستورانى.



△ چوڭ زال.



△ ياتاق.



△ چويلا توپ مەيدانى.



△ كېچىلىك بەزمىخانا.



△ دوگىرتوپ زالى



▽سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى.

丝绸之路宾馆

Silk Road Hotel

中国・新疆


地址：中国新疆乌鲁木齐市延安路 52 号

电话：(0991) 2558899　传真：(0991) 2557788

邮编：830001



CN65－1009/D－W

باھاسى: 4.00يۈەن